# ئۆلىمالار
# olimalar

انما يخشى الله من عباده العلماء

ئاللاھنىڭ بەندىلىرى ئىچىدە ئاللاھتىن پەقەت ئالىملارلا قورقىدۇ.





2024-يىللىق 2-سان، ئومۇمىي 10-سان

—— يېرىم يىللىق دىنىي ژۇرنال ——

ئۆلىمالار
olimalar

شەرقىي تۈركىستان ئۆلىمالار بىرلىكىنىڭ نەشر ئەپكارى
DOĞU TÜRKİSTAN ULEMALARI DERNEĞİ YAYINLARI
منشورات وأفكار اتحاد علماء تركستان الشرقية
PUBLISHER OF THE EAST TURKISTAN MUSLIM SCHOLARS ASSOCIATION


بِسْمِ اللّٰهِ الرَّحْمٰنِ الرَّحِيمِ

## مۇندەرىجە


ئىسلام تارىخىدا مەزھەپلەر ۋە بىزنىڭ مەزھىپىمىز...............................
*دوتسېنت، دوكتور ئالىمجان بۇغدا*....................................................... (1)

ئىسلامدىكى ئېتىقادىي مەزھەپلىرىنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىش سەۋەبلىرى ..........
*زىكرۇللاھ ئالىم* ........................................................................ (12)

ئەھلى سۈننەت مۇسۇلمانلىرى ئارىسىدىكى فىقھىي مەزھەپلەر ....................
*مۇھەممەد يۈسۈپ* ...................................................................... (33)

فىقھىي مەزھەپلەرنىڭ كېلىپ چىقىشى ..................................................
*ئابدۇلئەھەد ھاپىز*....................................................................... (43)

شافىئىي مەزھىپىنىڭ تارىخىي تەرەققىيات باسقۇچى ................................
*تاھىرجان ئابباس*......................................................................... (51)

مالىكىي مەزھىپىنىڭ ئىمامى ئىمام مالىكنىڭ ھاياتى ۋە مەزھىپى ........................
*ئابدۇلئەھەد ھاپىز*....................................................................... (63)

بۈيۈك ئىسلاھاتچى ئالىم مۇھەممەد قۇربان داموللاھاجىم..............................
*مۇھەممەد ئەمىن بىشارەت*............................................................ (76)



2024-يىللىق
2-سان
(ئومۇمىي 10-سان)

ژۇرنال مەسئۇلى:
دوكتور ئالىمجان بۇغدا

باش مۇھەررىر:
مۇھەممەد يۈسۈپ



تەھرىر ھەيئىتى:
ئابدۇلئەھەد ھاپىز
ئابدۇراھمان جامال كاشغەرىي
ئابدۇرېھىم دۆلەت
ئوبۇلقاسىم ئەھمىدى
ئابدۇسالام تەكلىماكان
ئابدۇلئەھەت ئۈجات
تاھىرجان ئابباس



مۇقاۋا ۋە بەت لايىھەلىگۈچى:
ئىستىقلال مېدىيا
www.istiqlalmedia.com



0212 540 31 13
Adres: Kemalpaşa Mahallesi 1. Biga Sokak No: 27 Daire:5
Küçükçekmece/İstanbul
www.olimalar.org
olemalarjournili@gmail.com

# كەڭ ئوقۇرمەن ۋە ئاپتورلار سەمىگە

ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ھۆرمەتلىك قېرىنداشلار!

ئاللاھ تائالاغا شۈكۈرلەر بولسۇنكى، ژۇرنىلىمىز 5-يىلىغا قەدەم قويدى. بۇ جەرياندا تەھرىر ھەيئىتىدىكى قېرىنداشلارنىڭ ۋە ھۆرمەتلىك ئاپتورلارنىڭ تىرىشچانلىقى، شۇنداقلا قىممەتلىك ئوقۇرمەنلىرىمىزنىڭ قوللاپ-قۇۋۋەتلىشى ئارقىسىدا، ژۇرنىلىمىز كۈندىن-كۈنگە مۇكەممەللىككە قاراپ تەرەققىي قىلدى.

خۇددى بىز تۇنجى ساندا ئەسكەرتكىنىمىزدەك، ژۇرنىلىمىز مۇھاجىرەتتىكى خەلقىمىزگە توغرا دىنىي مەلۇماتلارنى تەقدىم قىلىش ئارقىلىق ئۇلارنىڭ سەۋىيەسىنى ئاشۇرۇش، مەنىۋى دۇنياسىنى بېيىتىش، قېرىنداشلىق رىشتىسىنى كۈچەيتىش قاتارلىقلارنى ئاساسىي نىشان قىلغان.

مەزكۇر ژۇرنال ھەرقايسى ساھەلەردە قەلەم تەۋرىتىدىغان قېرىنداشلىرىمىزنىڭ خەلقىمىزگە ئېھتىياجلىق بولغان يۈرەك سۆزلىرىنى، ئورتاقلاشماقچى بولغان مەسىلىلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇشى ئۈچۈن ھازىرلانغان ئەركىن سەھنە بولۇپ، ژۇرنىلىمىزغا ماقالە ئەۋەتىدىغان قېرىنداشلىرىمىزنى قىزغىن قارشى ئالىمىز.

ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەن قېرىنداش! سىزنىڭ ژۇرنىلىمىزنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ۋە ئۇنىڭ ساپاسىنى كۆتۈرۈش ھەققىدە پىكىر-تەكلىپلەرنى بېرىپ، بىزنى يېقىندىن قوللاپ بېرىشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمىز.

ژۇرنىلىمىزنىڭ بۇ سانىنى ئىسلام تارىخىدىكى مۇھىم مەزھەپلەر ۋە ئۇلارنىڭ ۋەكىللىك ئۆلىمالىرى ھەققىدىكى يازمىلارغا خاس قىلدۇق.

ھۆرمەت بىلەن:

«ئۆلىمالار ژۇرنىلى» تەھرىراتى

# ئىسلام تارىخىدا مەزھەپلەر ۋە بىزنىڭ مەزھىپىمىز



دوتسېنت دوكتور ئالىمجان بۇغدا
شەرقىي تۈركىستان ئۆلىمالار بىرلىكى رەئىسى

كائىنات ۋە بارلىق مەۋجۇداتنىڭ يېگانە ياراتقۇچىسى، پەرۋىش قىلغۇچىسى، ھەممە نەرسىنىڭ ئىگىسى ۋە ئىدارە قىلغۇچىسى بولغان جانابى ئاللاھ تائالاغا تۈمەن مىڭلارچە ھەمدۇساnalar بولسۇن. جانابى ئاللاھ مەخلۇقاتلار ئىچىدىن ئىنساننى ئەقىل ئىدراك بىلەن شەرەپلىك قىلدى، ئىنسانىيەت جاھالەت زۇلمىتىگە پېتىپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن، ھەر دەۋردە ئۇلارغا پەيغەمبەرلەرنى ئەۋەتىپ ئىمانغا دەۋەت قىلدى. بىزگە ھىدايەتنى ئېلىپ كەلگەن كائىناتنىڭ پەخرى، پەيغەمبەرلەرنىڭ تۈگەنچىسى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇد ۋە سالام بولسۇن! پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ چاقىرىقىغا بىرىنچى بولۇپ ئاۋاز قوشقان، ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا ئىسلام دىنىنى ئۆگەنگەن، تەربىيىسىدە يېتىشكەن ۋە كېيىنكى مۇسۇلمانلارغا ئۆز ئەمەلىيىتى بىلەن ئىسلامنى تەبلىغ قىلغان بارلىق ساھابىلەرگە ۋە ھەر دەۋردە ئۇلارغا ئەگىشىپ ماڭغان ئۆلىمالارغا ئاللاھنىڭ رەھمىتى ۋە بەرىكىتى بولسۇن.

تۇنجى ئىنسان ھەزرىتى ئادەم ئەلەيھىسسالام بىلەن بىرگە باشلانغا ئىسلام پەيغەمبەرلەر ئېلىپ كەلگەن ئىلاھىي ۋەھيىنىڭ ئۆز دەۋرىدىكى پەيغەمبەرلەرنىڭ چۈشەندۈرۈشى ۋە ئەمەلىي ھاياتقا تەتبىق قىلىشى بىلەن ئىنسانلار جەمئىيىتىگە ئومۇملاشتى. پەيغەمبەرلەر ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن ئۇلارغا ئەگىشىپ ماڭغان ۋارىسلىرىنىڭ ئىلاھىي ۋەھيىنى چۈشىنىشى ۋە چۈشەندۈرۈشى زامانىنىڭ تەلىپى ۋە ئىنسانلارنىڭ سەۋىيىسىگە مۇناسىپ ھالدا ئوخشاش بولمىغان مېتود ۋە ئۇسۇللار ئاساسىدا داۋام قىلىپ كەلدى. بەزى ئىنسانلار ئاللاھ تائالانىڭ دىنىنى ئۆزىنىڭ شەخسىي مەنپەئەتى ۋە ھاۋايى-ھەۋەسى ئۈچۈن بۇرمىلىدى. شۇنىڭ بىلەن نۇرغۇن ئازغۇن پىرقىلار ۋە خاتا مەزھەپ ئېقىملىرى ئوتتۇرىغا چىقتى. بۇ مەزھەپ ۋە ئېقىملەرنىڭ بەزىلىرى مەزھەپ مۇتەئەسسىپلىكىنىڭ كۈچلىنىشىگە ئەگىشىپ دىنغا ئايلاندۇرۇلدى. ئاللاھ تائالا ھەربىر ئىنسان ئۈچۈن ئىسلامنىڭ ئەقىدە، ئىبادەت، ئەخلاق

ۋە قائىدە- تۈزۈملىرىنىڭ ھەقلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان پەيغەمبەرلەرنى ئەۋەتىپ تۇردى. ئىسلام دىنى بولسا پەيغەمبەرلەرنىڭ تۈگەنچىسى بولغان مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا كەلگەن ھەق دىن بولۇپ، ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ 23 يىللىق پەيغەمبەرلىك ھاياتى بىلەن تاكامۇللاشتى.

ھەزرىتى پەيغەمبەر ئىسلام تەلىماتىنى قۇرئان كەرىمنىڭ كۆرسەتمىسى ئاساسىدا ئۆزىنىڭ سۆز ۋە ھەرىكىتى بىلەن كىشىلەرگە يەتكۈزدى، ئۈگەتتى ۋە ئۇلارنىڭ سۆز ۋە ھەرىكىتىنى كۆزىتىپ خاتا كەتكەن يەرلىرىنى تۈزىتىپ تۇردى. قۇرئان كەرىمنى پىششىق يادلىدى، ساھابىلىرىگىمۇ يادلاتتى ۋە يازدۇرۇپ ماڭدى. ساھابە كىراملار چۈشىنەلمىگەن ھەرقانداق مەسىلىنى پەيغەمبەر ئالەيھىسسالامدىن سورايتتى ۋە يېتەرلىك جاۋابىنى ئالاتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھايات بولغان زامانلاردا ھەرقانداق بىر دىنىي مەسىلىنىڭ مەنبەسى قۇرئان كەرىم بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆزى ئىدى. ھېچكىم ھېچقانداق بىر مەسىلىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى قايرىپ قويۇپ ئۆز ئالدىغا ئىش كۆرمەيتتى. ساھابىلەرمۇ بىرەر مەسىلە ئۈستىدە تارتىشىپ قالسا چوقۇم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا مۇراجىئەت قىلاتتى ۋە ئۇنىڭ ھۆكمىگە رازى بولاتتى.

قىسقىسى؛ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دەۋرىدە ھېچ بىر دىنى مەسىلىدە ئىختىلاپ يوق ئىدى.

ئىسلام دىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋرىدە كامالىغا ئېرىشتى، يەنى ئىسلام دىنىنىڭ ئېتىقاد، ئىبادەت، ھالال - ھارام ۋە ئەخلاققا ئائىت مەسىلىلىرى، ھۆكۈملىرى تولۇق مۇئەييەنلەشتى. ئىسلام دىنىدا ھۆكۈمى بايان قىلىنىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆز ھاياتىغا تەتبىق قىلمىغان بىرەر مەسىلىمۇ يوقتۇر. ئىسلام دىنى ئائىلە، ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت، ئەخلاق، ئىلىم - سىتىم، سىياسەت قاتارلىق ئىنسانىيەت ھاياتىدا بارلىق ئىنسانلار بىلەن ئورتاق بولغان مەسىلىلەردە ۋە ئادالەت، ھەققانىيەت، ھۆرلۈك پاكىزلىق قاتارلىق شەرىئەت ھۆكۈملىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆز ھاياتىدا شەرىئەت ئەھكاملىرىنى ئۆز جەمئىيىتىگە تولۇق تەتبىقلىدى ۋە بۇ پىرىنسىپلارغا رىئا قىلمىغانلارغا جازا يۈرگۈزدى.

**مەزھەپلەرنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشى**

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋاپاتى بىلەن ئىلاھىي ۋەھيى ئۈزۈلدى. ساھابىلەرنىڭ قولىدا قۇرئان كەرىم ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بىرگە ياشىغان دىنىي ۋە ئىجتىمائىي ھاياتىدىكى تەجرىبە - ساۋاقلار، سەرگۈزەشتىلەر، پەيغەمبەر

ئەلەيھىسسالامنىڭ قۇرئان كەرىم ۋە ئىسلام ھەققىدىكى بايانلىرى، سۆزلىرى، ۋە ئىش - ئىزلىرى قالدى. ساھابىلەر بۇندىن كېيىن دۇچ كەلگەن ھەرقانداق مەسىلىنى قۇرئان كەرىم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆگەتكەن ۋە كۆرسىتىپ بەرگەن يول (سۈننەت) ۋە ھايات تەجرىبىلىرى ئاساسىدا ئۆز قابىلىيىتى بىلەن ھەل قىلىشقا مەجبۇر بولدى. چۈنكى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئاخىرقى پەيغەمبەر ۋە قۇرئان كەرىم ئەڭ ئاخىرقى ئىلاھىي ۋەھيى ئىدى. ئۇنىڭ ئۈچۈن ھېچكىمگە ئىلاھىي ۋەھيى كەلمەيتتى ۋە ھېچكىممۇ ئۆزىگە ئىلاھىي ۋەھيى كېلىدىغانلىقىنى دەۋا قىلمىدى. ساھابىلەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن تۈنجى بولۇپ، سىياسىي مەسىلە ھەققىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دۆلەت رەئىسلىكى ماقامىغا كىمنىڭ كېلىدىغانلىقى توغرىسىدا ئىختىلاپ قىلىشتى. چۈنكى سىياسەت ۋە خەلقنى ئىدارە قىلىش مەسىلىسى ئىدارە قىلىنغۇچى ئىنسانلارنىڭ تاللىشى ۋە ئىدارە قىلغۇچىلارنىڭ لاياقىتى، شەرت - شارائىتىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا كۆرە ئۆزگىرىپ تۇرىدىغان ئىشلار بولغانلىقى ئۈچۈن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ توغرىدا بەزى ئاساسىي پرىنسىپلارنى ئوتتۇرىغا قويغان ۋە كۆرسىتىپ بەرگەن بولسىمۇ، كىمنىڭ دۆلەت رەئىسى (خەلىپە) بولىدىغانلىقى، رەئىسنى قانداق سايلايدىغانلىقى، نەچچە يىل بولىدىغانلىقى... قاتارلىق مەسىلىلەردە ھېچ نەرسە دېمىگەن ئىدى. ساھابە كىراملار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن بۇنىڭغا ئوخشىغان ئىجتىمائىي، سىياسىي، ئىدارىي ۋە ئىقتىسادىي مەسىلىلەرنىڭ ئەمەلىي تەتبىقاتىدا بەزى قىيىنچىلىقلارغا دۇچ كەلدى، ئارىسىدا بەزى ئىختىلاپلارمۇ يۈز بەردى. بۇ خۇددى ھەممە ئىشنى ئاتا - ئانىسى قىلىپ بېرىپ، ئاندىن ئاتا - ئانىسىدىن ئايرىلىپ ھاياتىنى ئۆز ئالدىغا داۋاملاشتۇرۇشقا مەجبۇر بولغان پەرزەنتلەرگە ئوخشايتتى. ساھابىلەردا دەسلەپتىكى ۋاقىتلاردا بىرئاز تېڭىرقاشلار بولغان بولسىمۇ، قولىدىكى قۇرئان كەرىم ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن كۆرگەن، ئۆگەنگەن ۋە ئاڭلىغانلىرىنى ۋە ھاياتىدىكى تەجرىبە ساۋاقلىرىنى يەكۈنلەپ، ئۆزلىرىنىڭ ئەقىل - پاراسىتى ۋە كېڭەشكە ئەھمىيەت بېرىشى ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ ئىسلامىي ھاياتىنى داۋاملاشتۇرۇشقا مۇۋەپپەق بولدى. ساھابىلەر، دۇچ كەلگەن ھەر مەسىلىنى ھەل قىلىشتا؛ «ئاۋۋال قۇرئان كەرىمگە مۇراجىئەت قىلىش، ئۇنىڭدىن ئېنىق بىر ھۆكۈم تاپالمىسا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇ ھەقتىكى كۆرسەتمىلىرىگە (سۈننەت) مۇراجىئەت قىلىش، ئۇنىڭدىنمۇ ئېنىق بىر ھۆكۈم تاپالمىسا، قۇرئان كەرىم ۋە سۈننەتنى

ئاساس قىلغان ئاساستا ئۆز ئەقىل ۋە پاراسىتى بىلەن ئىجتىھاد (ئەڭ توغرىسىنى تېپىش ئۈچۈن بارلىق تىرىشچانلىقىنى كۆرسىتىش»تىن ئىبارەت بىر مېتود ئاساسىدا ھەرىكەت قىلدى. بۇ ئەنئەنىنىڭ قىسقا ۋاقىت ئىچىدە ساھابىلەرنىڭ ئارىسىدا ئومۇملىششى ئارقىلىق ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى ئىختىلاپ ئاساسەن تۈگىدى. بولۇپمۇ ھەزرىتى ئەبۇ بەكرىنىڭ خەلىپىلىكىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلى، ھەزرىتى ئۆمەرنىڭ خەلىپىلىك زامانى ۋە ھەزرىتى ئوسماننىڭ ئالتە يىلىدا بۇ ئەنئەنە ناھايىتى ياخشى داۋام قىلدى. ھەزرىتى ئوسماننىڭ خەلىپىكىنىڭ يەتتىنچى يىلىدىن كېيىن، يېڭىدىن پەتھە قىلىنغان جايلاردىكى يېڭى سىياسىي ۋەزىيەتلەر، ئىدارىي ئۆزگىرىشلەر ۋە يېڭىدىن مۇسۇلمان بولغان پەرقلىق كۈلتۈرلەردىكى ئىنسانلارنىڭ ھەرخىل چۈشەنچە، يېڭىلىق ۋە تۈرلۈك تەلەپلىرى قاتارلىق سەۋەبلەردىن باشتا ساھابىلەر ئوتتۇرىسىدا سىياسىي ئىختىلاپلار ئوتتۇرىغا چىقىشقا باشلىدى. بۇ ئىختىلاپ كېيىنكى مەزگىللەردە بولسا، ساھابىلەر ئوتتۇرىسىدىمۇ چەككى - جېدەلنىڭ يامراپ كېتىشىگە سەۋەب بولدى. بۇ ئىختىلاپ ۋە جەڭگى جېدەل سەۋەبلىك دەسلەپتە ھەزرىتى ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ شېھىت قىلىندى. بۇ ھادىسە مۇسۇلمانلار ئوتتۇرىسىدا چوڭ بىر پىتنىگە ۋە ئۆز ئارا بۆلۈنۈشكە سەۋەب بولدى. ھەزرىتى ئەلى، خەلىپىلىكى مەزگىلىدە مۇسۇلمانلار ئوتتۇرىسىدىكى بۇ بۆلۈنۈش ۋە تەپرىقىنى تۈگىتىش ئۈچۈن ھەرخىل يول ۋە چارىلەرنى قوللاندى. بۇ مەزگىلدە مۇسۇلمانلار ئىچىدىن ھەزرىتى ئۆمەرنىڭ ئىختىلاپنى تۈگىتىش توغرىسىدىكى چار- تەدبىرىنى قوبۇل قىلمىغان «خاۋارىجلار» نامىدىكى بىر تۈركۈم كىشىلەر، ھەزرىتى ئەلىنى كاپىر دەپ ئېلان قىلدى ۋە ئۇنىڭغا قارشى ئىسيان كۆتۈردى. «خاۋارىجلار» دېيىلگەن بۇ گۇرۇھ، ئاساسەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن، خۇلافائى راشىدىن دەپ ئاتالغان دەۋرىدىكى خەلىپىلەرنىڭ بەزى سىياسىي ۋە ئىدارى مېتودىنى، خۇسۇسەن مىلادى 656-661 - يىللىرى ئارىسىدىكى «جەمەل» ۋە «سىففەين» ئۇرۇشى ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى ھەزرىتى ئەلى ئىبنى ئەبى تالىب بىلەن ھەزرىتى مۇئاۋىيە ئىبنى ئەبۇ سۇفيان ئارىسىدىكى ئىختىلاپتا ھەر ئىككى تەرەپ ھەكەملىككە قوشۇلغان مەسىلىدە، «لَا حُكْمَ إِلَّا لِلَّهِ» (ھۆكۈم پەقەتلا ئاللاھقا خاستۇر) دېگەن شوئارنى كۆتۈرۈپ چىقىپ، ھەزرىتى ئەلى بىلەن ھەزرىتى مۇئاۋىيەنى «كاپىر» دەپ ئېلان قىلىپ ئۇلارغا قارشى چىقتى ۋە ھەزرىتى ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى سۇيىقەست بىلەن شېھىت قىلدى. بۇ پىرقە زاماننىڭ ئۆتۈشى بىلەن زىنا قىلىش، ھاراق ئىچىش قاتارلىق چوڭ گۇناھلارنى قىلغان بىر كىشى مۇسۇلمان بولسىمۇ گۇناھكار ياكى

پاسىق ھېسابلانماستىن كاپىر بولىدۇ، ئادالەتسىزلىك بىلەن ھۆكۈم قىلغان كىشىمۇ گۇناھكار ياكى پاسىق ۋە ياكى مۇناپىق بولماستىن بىۋاستە كاپىر بولىدۇ، مۇسۇلمان بولسىمۇ زالىم ھۆكۈمەت ۋە ئۇنىڭغا خىزمەت قىلىدىغانلارغا قارشى چىقىش كېرەك، دۇنيادا تولۇق شەرىئەت بىلەن ھۆكۈم قىلىدىغان بىر دۆلەتنى ئوتتۇرىغا چىقىرىش ئۈچۈن جىھاد قىلىش پەرز... دېگەندەك پىكىرلەرنى ياقىلايدىغان بىر سىياسىي ۋە ئېتىقادىي پىرقە ھالىتىگە كەلدى. بۇلار ئىسلام تارىخىدا ۋە ئىسلام دۇنياسىدىكى تۇنجى سىياسىي - ئېتىقادىي پارچىلىنىشنىڭ ئۇلىنى سالغان پىرقە بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

## ئېتىقادىي مەزھەپلەرنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشى

ئىسلام دۇنياسى يېڭى پەتھى قىلىنغان تۇپراقلار بىلەن كېڭىيىشكە ۋە يېڭى تۇپراقلاردىكى مىللەتلەر مۇسۇلمان بولۇشقا ۋە بۇلار بىلەن مۇسۇلمانلارنىڭ سانى كۆپىيىشكە، بۇنىڭغا ئەگىشىپ مۇسۇلمانلار نۇرغۇن يېڭى كۇلتۇر ۋە مەدەنىيەتلەر بىلەن ئۇچرىشىشقا باشلىدى. ئىسلام دىنىدىكى پىكرىي ئەركىنلىك سايىسىدە، ئېتىقاد، ئەخلاق، سىياسەت، ئىدارە، قانۇن، ئەدلىيە تەشكىلاتى، ئىقتىساد، ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت، تەلىم - تەربىيە قاتارلىق نۇرغۇن ساھەدە ئوخشىمىغان قاراشلارغا ئىگە ئالىم - ئۆلىمالار ئوتتۇرىسىدا بەس مۇنازىرىلەر ۋە يېڭى كەشپىيات ۋە ئىجادىيەتلەر، ئىلمىي تەتقىقات ۋە ئەسەرلەر كۆپىيىشكە ۋە بۇ يېڭىلىقلار بىلەن ئىسلام مەدەنىيىتى تېخىمۇ گۈللىنىشكە ۋە روناق تېپىشقا باشلىدى. قىسقا ۋاقىت ئىچىدە ئىسلام مەدەنىيىتى ئىنسانىيەتنى جاھىلىيەت ۋە جاھالەت زۇلمەت ۋە خارلىقتىن قۇتۇلدۇرۇپ ئىسلام نۇرى بىلەن يورۇتتى. بۇنىڭغا ئەگىشىپ مۇسۇلمان ئالىملار ئوتتۇرىسىدا خىلافەت، گۇناھ، تەقدىر، `خەير - شەر، ۋە ئىمامەت قاتارلىق بەزى مەسىلىلەردە سىياسىي ۋە ئەقىدەۋىي مۇنازىرىلەر، پىكرى تالاش - تارتىشلار كۆپىيىشكە باشلىدى. بۇ تالاش - تارتىشلار ئاستا - ئاستا گۇرۇپلىشىشقا ۋە بەزى مۇتەئەسسىپ ۋە سىياسىي غەرەزلىك كىشىلەرنىڭ ئىشىنىڭ ئىچىگە داخىل بولۇشى بىلەن گۇرۇھلىشىشقا، پىرقىلىشىشقا ۋە مەزھەپلىشىشكە قاراپ تەرەققىي قىلدى. بۇ دەۋردە چوڭ گۇرۇپپىلاردىن شىئە، خاۋارىج، مۇئتەزىلە، ئەشئەرىي، ماتۇرىدىي، قەدەرىيە، مۇجەسسىمە، مۇشەببىھە، مۇرجىئە، جەھمىيە ۋە كەررامىيە قاتارلىق بىر تۈركۈم ئېتىقادىي ۋە سىياسىي مەزھەپلەر ئوتتۇرىغا چىقتى. بۇ مەزھەپلەرنىڭ ئىچىدە ئىسلام ئەقىدىسىگە ئۇيغۇن بولمىغان كونا باتىل دىنلارنىڭ كۆزقارىشىنى ياقىلايدىغان، ئىمان ئاساسلىرىنى خالىغانچە تەۋىل قىلىدىغان، ئىماننى سۆز بىلەنلا بولىدۇ، ئەمەل

ئەھمىيەتسىز دەپ قارايدىغان، ئاللاھنىڭ بەزى سۈپەتلىرىنى ئىنكار قىلىدىغان، ئەقىل ۋە ئىنسان ئىرادىسىنى پۈتۈنلەي يوققا چىقىرىدىغان ۋە ئۆزىنىڭ سىياسىي غەرىزىنى ئىمان ئاساسلىرى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ تەئەسسۇپلۇق بىلەن ھەرىكەت قىلىدىغان خاتا ئېتىقاد ۋە چۈشەنچىلەر يامراشقا باشلىدى. بۇ ئەھۋال مۇسۇلمانلارنىڭ ئىچىدە بۆلۈنۈش، تەپرىقە ۋە سىياسىي بۆھرانغا سەۋەب بولدى. نەتىجىدە مۇسۇلمانلار ئىچىدە ئۆزىنىڭ دىنى قېرىنداشلىرىنى بەزى پىكرىي قارىشى، ئەمەلدىكى بەزى ناتالىقى ۋە گۇناھى تۈپەيلى ئىمانىنى سوراق قىلىدىغان، كاپىر، مۇناپىق، پاسىق، مۇرتەد، زىندىق ۋە تاغۇت كەبى ھەر خىل تۆھمەتلەر بىلەن قارىلايدىغان، مۇسۇلمانلارنىڭ قېنىنى ھالال سانايدىغان ناچار ئەھۋاللار كۆرۈلۈشكە باشلىغان ئىدى. بۇ گۇرۇپپىلارنىڭ ھەممىسى ئۆزىنىڭ پىكرى ۋە كۆزقارىشىنى قۇرئان كەرىمدىكى ئايەتلەر ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىسلىرى بىلەن دەلىللەشكە، كۈچلەندۈرۈشكە ۋە ئۆزىنىڭ قارىشىنىڭ ھەقلىق ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاشقا تىرىشاتتى. بۇنى بەزىدە قۇرئان كەرىمدىكى بىر ئايەتنىڭ ياكى بىر ھەدىسنىڭ زاھىرى مەنىسىگە تايىنىپ قىلسا، بەزىدە ئۇ ئايەت ۋە ھەدىسنىڭ لۇغەت ۋە سۆزلۈك مەنىسىدىن، بەزىدە سۆزلىرىنى ئايەت ۋە ھەدىسنىڭ ھەقىقەت ۋە مەجاز يولى بىلەن، بەزىدە تەۋىل ۋە ئىشارەت يولى بىلەن ئوچۇقلاشقا تىرىشاتتى. قىسقىسى؛ ھەربىرىگە ئۆزىنىڭ پىكرىنى ۋە چۈشەنچىسىنى تاياندۇرىدىغان ۋە ھەقلىق ئىكەنلىكىنى داۋا قىلىدىغان ئايەت ۋە ھەدىس تېپىلاتتى.

ئىسلام دۇنياسىدا ئېتىقادىي مەسىلىلەر ھەققىدىكى تالاش - تارتىشلار پىكىر ۋە ئىلمىي ساھەدىن ھالقىپ، مۇسۇلمانلار ئىچىدە ئۆز ئارا جىددى بۆلۈنۈش ۋە تەرەپتارلىقلارنىڭ راۋاجلىنىشى ۋە ئىسلام ئېتىقادىغا تامامەن زىت بولغان قالايمىقان پىكىر ئېقىملىرىنىڭمۇ يامراپ كېتىشىدەك خەتەرلىك ئەھۋاللار كۆرۈلۈشكە باشلىدى. بۇ ئەھۋالغا قارىتا ئىمام ئەزەم ئەبۇ ھەنىفىگە ئوخشاش بىر تۈركۈم مۇجتەھىد ئالىملار، ساپ ئىسلام ئەقىدىسىنى ئاساس قىلغان ھالدا، ئازغۇن ۋە باتىل ئەقىدە چۈشەنچىلىرىگە قارشى ئىلمى دەلىللەر بىلەن رەددىيە بېرىشكە ۋە ساغلام ئىسلام ئەقىدە ئاساسلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇشقا تىرىشتى. مۇشۇ ئاساستا ھەقىقىي مۇجتەھىد ئۆلىمالارنىڭ جىددىي تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى، ئېتىقادقا ئائىت مەسىلىلەر ھەققىدە قۇرئان كەرىم ۋە سەھىھ سۈننەتنى ئاساس قىلغان ھالدا لوگىكا ئىلمى قائىدىسى ئاساسىدىكى ئەقلى ۋە ئىلمى ئىزاھات ۋە بايانلىرى مۇسۇلمانلارنىڭ ئىچىدە راۋاجلىنىشقا ۋە تېز ۋاقىت ئىچىدە ئومۇمىي مۇسۇلمانلارنىڭ قوللىشىغا

ئېرىشتى. بۇ ساھەدە ئىلمى تەتقىقات ئېلىپ بارغان ئالىملارنىڭ كۆپلەپ ئەسەر يېزىشى ۋە بۇ ساھەدە مەسچىتلەردە دەرس ھالقىلىرىنىڭ، مۇنازىرە سورۇنلىرىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى ۋە مەدرىسلەردە تەلىم - تەربىيە ساھەسىدە «تەۋھىد» ۋە «ئەقىدە» تېمىلىرىنىڭ ئاساسلىق ئىلىم سۈپىتىدە دەرس بولۇپ ئوقۇتۇلۇشىغا ئەگىشىپ، «تەۋھىد» ۋە «ئەقىدە» تېمىلىرى ئىسلام دىنى ئىلىملىرى قاتارىدا «ئىلمى كالام» نامىدا ئايرىم بىر ئىلىم ساھەسى بولۇپ شەكىللەندى. «ئىلمى كالام» ساھەسىنىڭ تەرەققىي قىلىشى، بۇ ساھەدە ئىسلام ئەقىدىسىنى قۇرئان ۋە سۈننەتكە، ساھابىلەرنىڭ ۋە ئۇلارنىڭ ئىزىدا ماڭغان سەلەف سالىھلارنىڭ چۈشەنچىسىگە ئەڭ ئۇيغۇن ئىزاھلىغانلارنىڭ سانىنىڭ كۆپىيىشى، بۇنى قوللايدىغان مۇسۇلمان ئاممىسىنىڭ كۆپىيىشى بىلەن، ئازغۇن ۋە باتىل ئەقىدىلەرنى ئوتتۇرىغا قويغانلارنىڭ سانى ئازىيىشقا ۋە مۇسۇلمان ئاممىسى تەرىپىدىن رەت قىلىنىشقا باشلىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن تارتىپ ساغلام ئىسلام ئەقىدىسىنى ئاساس قىلىپ كەلگەن مۇسۇلمان ئالىملار ۋە مۇسۇلمانلار ئىچىدە، ئېتىقادىي مەسىلىلەردە ئىمام ماتۇرىدىنىڭ ۋە ئىمام ئەشئەرىنىڭ ئېتىقادىي مەسىلىلەردىكى كۆرۈشى ئىسلام ئەقىدىسىگە ئەڭ يېقىن دېگەن كۆزقاراش ئورۇن ئالدى. بارلىق مۇسۇلمان ئالىملار، «ماتۇرىدىي» ۋە «ئەشئەرىي» مەزھەپلىرىنى ئەقىدە مەسىلىلىرىدە ئەھلى سۈننەت ۋەلجامائەنىڭ ئېتىقادىغا ئەڭ ئۇيغۇن دەپ قارىدى. مۇشۇ ئىككى ئېتىقادىي مەزھەپنى ياقىلىغان مۇسۇلمانلارنى ئەھلى سۈننەت ۋەلجامائەگە مەنسۇپ مۇسۇلمانلار، قالغان ئېتىقادىي مەزھەپلەرنى ھەقتىن ئۇزاق، ئازغۇن ياكى باتىل مەزھەپلەر ۋە بۇ مەزھەپلەرنى ياقىلىغان مۇسۇلمانلارنىمۇ ئەھلى سۈننەت ۋەلجامائە ئېتىقادىغا تەۋە ئەمەس كىشىلەر دەپ قاراپ كەلدى.

## فىقھى مەزھەپلىرىنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشى

مۇسۇلمانلارنىڭ ئىجتىمائىي، ئائىلىۋي، ئىقتىسادىي، سىياسىي ۋە دۆلەت ئىدارىسى قاتارلىق كۈندىلىك ھاياتىغا مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەرنى تەرتىپ ۋە نىزامغا كىرگۈزىدىغان ئىسلام قانۇنى (فىقھى) ۋە ئەدلىيە ئىشلىرىدىمۇ ئاساسەن ئەھۋال بەك پەرقلىق ئەمەس ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن ھەزرىتى ئۆمەرنىڭ خەلىپىلىكى مەزگىلىدىن ئېتىبارەن ئىسلام جۇغراپىيەسى كېڭىيىشكە باشلىدى. ھىجرىيە 100 يىلىغا بارماستىن ئىسلام ئوردىسى ئوتتۇرا شەرقتىن ئاسىيانىڭ شەرقىي سەددىچىنىنىڭ ئىچىگىچە، ئافرىقىدىن ئىسپانىيىگىچە بولغان كەڭرى زېمىنغا ئۇلاشتى، ئۇ يەرلەرنى فەتھى قىلدى ۋە ئۇ يەرلەر ئىسلامنىڭ نۇرى

بىلەن ئايدىڭلاندى. يېڭى يەردىكى مىللەتلەرنىڭ ئۆرپ- ئادەتلىرى، فىقھى ۋە ئەدلىيە ئىشلىرى بىلەن مەشغۇل بولغان ساھابە ۋە ئالىملارنىڭ دىنى سەۋىيىسىنىڭ ئوخشاش بولماسلىقى، ھەر بىرىنىڭ ئۆزىگە خاس كولتۇر، مىجەز ۋە خوي - پەيلىرى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئائىت ھادىسلەرنىڭ تولۇق توپلىنىپ بولالماسلىقى، ھەربىر رايون ۋە ئاھالىنىڭ شەرت - شارائىتىنىڭ ئۆزگىچە ئالاھىدىلىكى ۋە ئۇ دەۋردىكى ئالاقە، ئۇچۇر ۋاستىلىرىنىڭ راۋان بولماسلىقى قاتارلىق سەۋەبلەردىن ھەر دۆلەتكە ۋە ئۇ دۆلەتتىكى فەقىھ (قانۇنشۇناس) ئالىملار ۋە ئەدلىيە خادىملىرىنىڭ ئوخشاش مەسىلىگە قارىتا چىقارغان ئىجتىھادى قارىشى، ئايەت ۋە ھەدىسنى تەپسىر قىلىشى، بەرگەن ھۆكۈم ۋە پەتىۋالىرى پەرقلىق ئىدى. بولۇپمۇ ۋەھيى نازىل بولغان ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ياشىغان مەككە ۋە مەدىنىدىكى فەقىھ ۋە ئالىملارنىڭ مەسىلىلەرگە قارىشى بىلەن كېيىن پەتىھ قىلىنغان ئىراق ۋە سۈرىيەدىكىگە ئوخشاش يىراق جايلاردىكى فەقىھ ۋە ئالىملارنىڭ مەسىلىلەرگە قارىشى ئالاھىدە پەرقلىق ئىدى. چۈنكى مەدىنە ۋە مەككىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ياشىغان ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىرگە ياشىغان ئىنسانلار داۋام قىلدۇرۇۋاتقان بىر ئىجتىمائىي ھايات بار ئىدى. بۇ يەردە كۆپ ئىجتىھاد قىلىشقا ئېھتىياج يوق ئىدى. ئىراق ۋە سۈرىيەگە ئوخشاش يېڭى پەتىھ قىلىنغان يەرلەردە بولسا، ھەر مەسىلىنى ئىسلام دىنى پرىنسىپلىرى ئاساسىدا قايتىدىن كۆزدىن كەچۈرۈش، ئىسلاھ قىلىش، ئوڭشاش ۋە توغرىسىنى ئوتتۇرىغا قويۇش ئۈچۈن ئىجتىھاد قىلىشقا توغرا كېلەتتى. مۇسۇلمان دۇنياسىدا فىقھى بىلەن مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەردە ھۆكۈم بايان قىلىدىغان، پەتىۋا بېرىدىغان مۇجتەھىدلارنىڭ ۋە قازىلارنىڭ سانى كۆپەيدى. بۇنىڭغا ئەگىشىپ، ئوخشاش بىر مەسىلىدە پەرقلىق ھۆكۈم ۋە پەتىۋالار كۆرۈلۈشكە باشلىدى. بولۇپمۇ مەدىنىنى مەركەز قىلغان ھىجاز رايونىدىكى ئالىملار بىلەن ئىراق ۋە سۈرىيەنى مەركەز قىلغان ئالىملارنىڭ دىنى مەسىلىلەرگە قارىتا ھۆكۈم بېرىش ئۇسۇلى پەرقلىق ئىدى. ھىجاز رايونىدا ساھابە ۋە تابىئىنلارنىڭ سانى كۆپ ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننەتلىرىنى بىلىدىغان ۋە سۆزلىرىنى ئاڭلىغانلارنىڭ سانىمۇ جىق ئىدى. بۇ رايونلاردا كۆپۈنچە ئەرەب مۇسۇلمانلار ياشىغانلىقى ئۈچۈن ئۇلارنىڭ ئۆرپ - ئادەتلىرىمۇ بىر - بىرلىرىگە يېقىن ۋە ھاياتمۇ ئاددا - ساددا ئىدى. كۆپ ئىجتىھاد قىلىشقا ئېھتىياج يوق ئىدى. كۆپۈنچە مەسىلىلەرنى قۇرئان كەرىم، سۈننەت ۋە ھەدىس بىلەن ياكى بۇ ئىككىسىدە بارغان بىر مەسىلىگە قىياس قىلىش بىلەن ھەل قىلاتتى. كېيىنكى دەۋرلەردە بۇ رايوندىكى مۇجتەھىد ئالىملار «ھەدىس ئەھلى، سۈننەت

ئەھلى» دەپ ئاتالدى. بىراق ئىراق ۋە سۈرىيە كەبى يېڭى پەتھە قىلىنغان رايونلاردا بولسا، ساھابىلەر ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننەت ۋە ھەدىسلىرىنى بىلىدىغانلارنىڭ سانى ئاز ئىدى. پەرقلىق رايونلار ئۆزگىچە ئالاھىدىلىكى ۋە يېڭى مۇسۇلمان بولغانلارنىڭ پەرقلىق كۈلتۈرلىرى كەبى سەۋەبلەردىن كۆپۈنچە مەسىلىلەرگە ئىجتىھاد قىلىشقا مەجبۇر ئىدى. كۆپۈنچە مەسىلىلەرنى قۇرئان كەرىم، سۈننەت ۋە ھەدىستە بار بولغان ھۆكۈملەرنى ئاساس قىلىش بىلەن، ساھابىلەرنىڭ ئىجماسى (ئورتاق قارارى) ۋە قىياس مېتودى بىلەن بىرگە قۇرئان ۋە سۈننەتتە ھۆكۈملىرى بايان قىلىنغان مەسىلىلەردىن يولغا چىقىپ، ھۆكۈملەرنىڭ غايە مەقسەتلىرى ئاساسىدا ئەقىل ۋە ئىدراك يولى بىلەن يېڭىدىن ئىجتىھاد قىلاتتى. فىقھى تارىخىدا بۇ رايونلاردا پائالىيەت كۆرسەتكەن فىقھ ئالىملىرىغا «ئەھلى رەئيى» دېگەن نام بېرىلدى.

ئىسلام قانۇنشۇناسلىقى تارىخىدا ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد، ئەلقەمە ئىبنى قەيس، ئەۋزائىي، ئىبراھىم نەخەئىي، ھەمماد ئىبنى سۇلايمان، ئىمام ئەبۇ ھەنىفە، ئىمام مالىك، سۇفيان سەۋرى، لەيس ئىبنى سەئد، ئىمام شافىئىي، تەبەرىي، ئەھمەد ئىبنى ھەنبەل ۋە زۇھرىي كەبى نۇرغۇن مۇجتەھىد قانۇنشۇناس ئالىملار ۋە قازىلار، مۇسۇلمانلارنىڭ ئىجتىمائىي، ئائىلىۋىي، ئىقتىسادىي، سىياسىي ۋە دۆلەت ئىدارىسى قاتارلىق كۈندىلىك ھاياتىغا مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەر ھەققىدە تەتقىقات ئېلىپ بارغان ۋە ئەمەلىي ساھەدە ئۆزگىچە ئۇسلۇبى بىلەن ھۆكۈم بايان قىلغان، پەتۋا بەرگەن ۋە نۇرغۇن ئەسەر يازغان. بۇ ئالىملارنىڭ ئىچىدە ھۆكۈم ۋە پەتۋا مەسىلىلىرىدە ئۆزگىچە ئۇسۇل ۋە مېتود ئوتتۇرىغا قويغان، نۇرغۇن تالىپ يېتىشتۈرگەن، ئەسەر يازغان ۋە خەلق ئىچىدە ئۆزگىچە شۆھرەت تاپقان بەزى مۇجتەھىدلەر، ئۆزلىرىنىڭ ئۆزگىچە مېتود ۋە ئۇسۇلى ئاساستا زامان ئىچىدە ئۆز نامى بىلەن مەزھەپ بولۇپ شەكىللەندى. مەسىلەن؛ ئىمام ئەزەم ئەبۇ ھەنىفىگە نىسبەت بېرىلگەن «ھەنەفىي مەزھىپى». ئىمام مالىككە نىسبەت بېرىلگەن «مالىكى مەزھىپى»، ئىمام شاپىئىگە نىسبەت بېرىلگەن «شافىئىي مەزھىپى» ۋە ئىمام ئەھمەد ئىبنى ھەنبەلگە نىسبەت بېرىلگەن «ھەنبەلى مەزھىپى» كەبى مەزھەپلەر، تاكى ھازىرغىچە كۆرۈشلىرى ۋە ئەسەرلىرى مەدرىسىلەردە ئوقۇتۇلىدىغان، ھۆكۈم ۋە پەتۋا ئىشلىرىدا ئالاھىدە ئېتىبارغا ئېلىنىدىغان مەزھەپلەردۇر. مەزھەپلەرنىڭ شەكىللىنىشىدە، ئالىملارنىڭ شاگىرتلىرى ۋە ئەسەرلىرىنىڭ رولى ئىنتايىن تەسىرلىك بولدى. ھېچ بىر مەزھەپ ئىمامى ئۆز ھاياتىدا «مەزھەپ ئىمامى» بولۇپ تەيىنلەنمىدى. ئۇ ئىماملارنىڭ شاگىرتلىرى ئۇلار ۋاپات بولغاندىن

كېيىن ئۆلىمالارنىڭ مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشتىكى مېتود ۋە ھۆكۈم بايان قىلىش ئۇسۇلىنى تېخىمۇ سىستېماتىك ھالەتكە ئېلىپ كەلدى. زامان ئىچىدە ئۆلىمالارنىڭ كۆرۈشلىرىنىڭ ئۇسۇل قائىدىلىرى مەدرىسىلەردە ۋە دەرس ھالقىلىرىدا ئۆزگىچە مۇزاكىرە قىلىنىپ، ئىجتىھاد ۋە پەتۋالىرى كىتاپ ھالىتىگە كەلتۈرۈلدى. بەزى مەزھەپلەرنى ئاساس قىلغان مەدرىسىلەردە يېتىشىپ چىققان مۇجتەھىدلەرنىڭ دۆلەتنىڭ ئەدلىيە ساھەسىدە خىزمەت ئېلىشى ۋە ئۇ مەزھەپ مېتودى ئاساسىدا سوت ۋە داۋا ئىشلىرىنىڭ بىر تەرەپ قىلىنىشىغا ئەگىشىپ، بەزى مەزھەپلەر تېز تەرەققى قىلدى. بۇنىڭغا ئەگىشىپ ئۇ رايوندىكى نۇرغۇن مۇسۇلمانلارنىڭ دىنى ۋە كۈندىلىك ھاياتى ئۇ مەزھەپنى ئاساس قىلغان ئاساستا داۋام قىلدى. دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى مۇسۇلمانلار ئۆزىنىڭ دىنى ئەھكام ۋە پەتىۋا مەسىلىلىرىدە ئاساسەن تۆت مەزھەپنى ئاساس قىلىپ ماڭىدۇ. ئەرەبىستان مەركەزلىك ھىجاز رايوندىكى مۇسۇلمانلار ئاساسەن ھەنبەلى مەزھىپىنى ئاساس قىلىدۇ. خۇسۇسەن ماۋارائۇننەھر يەنى تۈركىستاندىكى مۇسۇلمانلار. ئىراق، ئىئوردانىيە، مىسىر، ھىندونېزىيە ۋە مالايسىيا قاتارلىق رايونلاردىكى مۇسۇلمانلار ئاساسەن شافىئىي مەزھىپىنى ئاساس قىلىدۇ. لىبىيە، ماراكەش مەركەزلىك ئافرىقىدىكى مۇسۇلمانلار ئاساسەن مالىكى مەزھىپىنى ئاساس قىلىدۇ. سۈرىيە، تۈركىيە، تۈركىستان، پاكىستان ۋە ھىندىستان قاتارلىق مۇسۇلمانلار ئاساسەن ھەنەفىي مەزھىپىنى ئاساس قىلىدۇ. مالىكىي، شافىئىي ۋە ھەنبەلىي مەزھەبىدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ كۆپىنچىسى، ئېتىقادىي مەسىلىلەردە ئەشئەرىي مەزھىپىنىڭ كۆرۈشىنى ئاساس قىلىدۇ. ھەنەفىي مەزھىپىدىكى مۇسۇلمانلار بولسا، ئېتىقادى مەسىلىلەردە ئاساسەن ماتۇرىدىي مەزھىپىنىڭ كۆرۈشىنى ئاساس قىلىدۇ.

## خۇلاسە

ئىسلام تارىخىدا ھېچ بىر ئالىم، مەزھەپلەرنىڭ بىر دىن سۈپىتىدە قارىمىدى ۋە ئۇنداق قاراشنىڭ ئۆزى مەزھەپنى بىلمەسلىك بولىدۇ. مەزھەپ ئىلاھىي ۋەھيىنى ھاياتقا تەتبىقلاش، بۇ جەرياندا قۇرئان كەرىمدە ئوچۇق ھۆكمى بولمىغان ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام 23 يىللىق ھاياتىدا (سۈننەت) ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك بىرەر ئوچۇق باياندا بولۇنمىغان، ياكى بولغان بولسىمۇ ھۆكمى ئېنىق بايان قىلىنمىغان ۋە ياكى كېيىن ئوتتۇرىغا چىققان يېڭى مەسىلىلەر ھەققىدە، قانداق قىلىپ ئۇ مەسىلىنى جانابى ئاللاھنىڭ ئىرادىسىگە ئەڭ ئۇيغۇن شەكىلدە ھۆكمىنى بايان قىلىش ئۈچۈن مېتود، قائىدە ۋە نىزام بەلگىلەش ۋە ئىجتىھاد قىلىش يولىدۇر. ھېچ بىر ئالىم، بىر

مەسىلە ھەققىدە بىر مۇجتەھىدنىڭ ئىجتىھاد ئاساسىدا ئوتتۇرىغا چىقارغان ھۆكمىنى، بۇ قەتئىي بىر ھۆكۈم ياكى ئاللاھنىڭ ئىرادىسى پەقەتلا مۇشۇ ياكى ئىسلامنىڭ ھۆكمى مۇشۇنىڭدىنلا ئىبارەت دەپ قارىمايدۇ. ھەر ئالىم بىر مەسىلە ھەققىدە دىنى جەھەتتىن ھۆكۈم چىقارماقچى بولسا، چوقۇم ئاۋۋال قۇرئان كەرىم، ئاندىن كېيىن سۈننەت، ئۇنىڭدىن كېيىن ئىجما، ئاخىرىدا قىياس مېتودىنى ئىشلىتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئۇ مەسىلە ھەققىدە بۇرۇنقى ئالىملار نىمە دېگەندۇ ياكى ئۇنىڭغا يېقىن بىر ئىجتىھادى ياكى پەتىۋاسى بارمىدۇ دەپ ئىزدىنىدۇ. مۇشۇ ئاساستا تۆت مەزھەپنىڭ بىرى ياكى بىر قانچىسىنىڭ كۆرۈشىنى ئىزدەشكە توغرا كېلىدۇ. ئەگەر ھەركىم دىنى بىر مەسىلىدە ھۆكۈم چىقارماقچى بولسا، ھۆكۈم چىقىرىش مېتودى (فىقھ ئۇسۇلى) ئىلمىغا رىئايە قىلمىغان شەكىلدە ھەرىكەت قىلسا، خاتالىشىش ئېھتىماللىقى ئىنتايىن يوقىرى بولىدۇ. مەزھەپنى ئاساس قىلىش دېگەنلىك؛ ھەر قانداق دىنى بىر مەسىلىگە ھۆكۈم بەرمەكچى بولغان بىر ئالىمنىڭ، فىقھ ئۇسۇلى ئىلمى ئاساسىدا ھەرىكەت قىلىشى دېگەنلىكتۇر.

تۈركىستان خەلقى ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغاندىن ئېتىبارەن ئېتىقادىي مەسىلىلەردە «ماتۇرىدى» مەزھىپىنى، ئىبادەت ۋە ئىجتىمائىي ھايات بىلەن مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەردە «ھەنەفىي» مەزھىپىنى ئاساس قىلىپ كەلگەن. بىزنىڭ ئىسلام بىلەن ئۆزلىشىپ كەتكەن ئۆرپ - ئادەت، ئەنئەنە، ھۈنەر - سەنئەت، ئائىلە، تۇرمۇش ۋە تىجارەت قاتارلىق ھەر ساھەدىكى ئاڭ، چۈشەنچە ۋە كۆزقاراشلىرىمىزدىمۇ مۇشۇ ئىككى مەزھەپنىڭ تەسىرى ۋە كۈچى ئىنتايىن زور. بىزنىڭ كاتتا ئالىملىرىمىز ۋە ئۇستازلىرىمىز تەلىم - تەربىيە ۋە مائارىپ ئىشلىرىدىمۇ مۇشۇ ئىككى مەزھەپنى ئاساس قىلىپ كەلگەن. شەرقىي تۈركىستان خەلقىگە خىزمەت قىلىدىغان ھەر قانداق ئالىم ۋە دەۋەتچىنىڭ مۇشۇ نۇقتىنى ئاساس قىلىپ ھەرىكەت قىلىشى، مىللىتىمىزنىڭ بىرلىكى ۋە ئىتتىپاقلىقى ئۈچۈن مۇھىمدۇر.

جانابى ئاللاھ ئۆلىمالىرىمىزغا ساغلام ئىمان ۋە پەراسەت، خەلقىمىزگە ئىسلام ئەقىدىسى بىلەن يوغۇرۇلغان ئۆز كىملىكىنى قوغدايدىغان ساغلام ئاڭ، مۇجاھىدلىرىمىزغا ھەقىقىي دۈشمىنىنى تونۇپ ئۇنىڭغا قارشى كۈرەش قىلىدىغان جاسارەت، سىياسەتچىلىرىمىزگە ۋە زىيالىيلىرىمىزغا مىللىتىمىزنىڭ كىملىكىنى ۋە بىرلىكىنى ساقلاش ئۈچۈن جان پىدا قىلىدىغان ۋە مىللىتىمىزنىڭ قىممەت قاراشلىرىغا ھۆرمەت قىلىدىغان روھ ئاتا قىلسۇن، ئامىن.

# ئىسلامدىكى ئېتىقادىي مەزھەپلىرىنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىش سەۋەبلىرى



زىكرۇللاھ ئالىم
ئىستانبۇل ئۇنىۋېرسىتېتى ئىسلام مەزھەپلىرى تارىخى دوكتورانتى

ئىسلامنىڭ تەۋھىد دىنى بولۇشى ۋە ھەر دائىم مۇسۇلمانلارنى بىرلىك ۋە باراۋەرلىككە چاقىرىشىغا قارىماستىن بۆلۈنچىلىك كۆپ مەزھەپنىڭ نېمە ئۈچۈن ۋە قانداق شارائىتتا ئوتتۇرىغا چىققانلىقى مەسىلىسى ھەر ۋاقىت تەتقىقاتچىلارنىڭ دىققىتىنى تارتىپ كەلمەكتە .

ئەلۋەتتە بۇ سوئالنىڭ ھەر خىل جاۋابى بولۇشى مۇمكىن.

مەسىلىگە ئىلاھىي تەرەپتىن قارايدىغان بولساق، ئاللاھ تائالانىڭ ئىنسانلارنىڭ بىر خىل بولۇشىنى ئەمەس، بەلكى ھەر خىل تەپەككۇر قىلىدىغان، ھۆر ۋە ئۆزىنىڭ ئىش-ھەرىكەتلىرىنى ئۆز ئىرادىسى بىلەن ئەمەلىيەتكە چىقىرىدىغان بىر ئىنسان يارىتىشنى ئىرادە قىلغانلىقىنى ئېيتىش مۇمكىندۇر. قۇرئان كەرىمدە ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن: «ئەگەر ئاللاھ خالىسا ئىدى، ھەممىڭلارنى ئەلۋەتتە، ھىدايەت قىلغان بولاتتى».[1] يەنە بىر ئايەتتە «ئەگەر ئاللاھ خالىسا ئىدى، ئەلۋەتتە، سىلەرنى بىر ئۈممەت قىلاتتى. پەقەت ئاللاھ سىلەرگە بەرگەن (يول ۋە شارائىتلار) بىلەن سىلەرنى سىناش ئۈچۈن (شۇنداق قىلدى)»[2]... دېيىش ئارقىلىق ئىنسانلارنىڭ بىر خىل بولۇشىنى ئىرادە قىلمىغانلىقىنى تەكىتلىگەن .

قۇرئان كەرىمدە تەكرار-تەكرار ئىنسانلارنى تەپەككۇر قىلىشقا، ئەقلىنى ئىشلىتىشكە ۋە ئاللاھنىڭ ياراتقانلىرىدىن ئىبرەت ئېلىشقا ئۈندەيدۇ. ئاللاھ ئۆزىنىڭ بارلىقىنى ۋە يېگانە ئىكەنلىكىنى قارىغۇلارچە بولماستىن، ئەقىل بىلەن تەپەككۇر قىلىش ۋە تەبىئەتتىكى بارلىق مەۋجۇداتلارنى ئانالىز قىلىشقا دەۋەت قىلىدۇ. مۇشۇ سەۋەبتىن ۋەھىينىڭ مۇخاتىبىمۇ ئەقىلدۇر (يەنى ۋەھيى ئەقىلگە خىتاب قىلغان). ئىسلام مەسئۇلىيەت ئۈچۈن ئەقىل ئىگىسى بولۇشنى شەرت قىلىدۇ. شۇڭا

[1] قۇرئان كەرىم ئۇيغۇرچە تەرجىمىسى. مۇھەممەد يۇسۇپ مۇھەممەد تۇرسۇن (ئىسلامىي ئەسەرلەر نەشرىياتى) , ئەنئام 6\149 ، نەھل 16\9.

[2] مائىدە 5\48 .

ئەقلى جايىدا بولمىغانلارغا دىنىي مەجبۇرىيەتلەر يۈكلەنمەيدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامنىڭ ئىش ئىزلىرىغا قارىغىنىمىزدا يەنە ھۆرلۈك مەسىلىسىگە دىققەت تارتماقتا. قۇرئان ۋە سۈننەتتە پىكىر بايان قىلىنمىغان مەسىلىلەردە كىشى ئۆزىنىڭ قانائىتى بويىچە ھەرىكەت قىلىشقا بولىدىغانلىقى توغرۇلۇق كۆپ مىساللارنى بېرىشكە بولىدۇ. بۇلارنىڭ ئارىسىدا ئەڭ مەشھۇر بولغىنى مۇئاز رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ يەمەنگە قازى بولۇپ تەيىن قىلىنىش مەسىلىسىدۇر.[3] پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام ھەزرىتى مۇئازنى يەمەنگە قازى قىلىپ تەيىنلىگەن ۋاقتىدا، ئۇنىڭ مەسىلىلەرگە قانداق ھۆكۈم بېرىش توغرىسىدا سورىغان سوئالىغا جاۋاب بېرىپ، باشتا قۇرئان بىلەن ھۆكۈم قىلىدىغانلىقىنى، تاپالمىسا ھەدىسكە قارايدىغانلىقىنى سۆزلەپ، ئەگەر ھەدىستىمۇ تاپالمىسا ئۆزىنىڭ ئىجتىھادى ئارقىلىق قارار بېرىدىغانلىقىنى ئىپادىلىگەن. بۇنىڭغا ئاساسەن پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام مەمنۇن بولغانلىقىنى ئىپادىلەپ ئاللاھقا ھەمدۇسانا ئېيتقان ئىدى.[4]

يەنە بىر تەرەپتىن پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامنىڭ ساھابىلەرنىڭ پىرقىلەرگە بۆلۈنۈشىگە پۇرسەت بەرمىگەنلىكى، ئۇ دەۋردە ھېچقانداق بىر ئىختىلاپنىڭ ئوتتۇرىغا چىقمىغانلىقى بىر ھەقىقەتتۇر. چۈنكى ساھابىلەرنىڭ ئەقلىگە كېلىپ قالغان ھەرقانداق مەسىلىنى ئۇدۇل پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامدىن سوراش ئارقىلىق مەسىلىنى يىلتىزىدىن ھەل قىلىش پۇرسىتىگە ئىگە ئىدى. ساھابىلەر روھنىڭ ماھىيىتى، قىيامەتنىڭ قاچان بولىدىغانلىقى، جەننەت ۋە جەھەننەم، قازا ۋە قەدەر، بۇنىڭغا ئوخشىغان ئېتىقادىي مەسىلىلەرنى سورىغان ۋاقتىدا پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام سورىغۇچىغا ماس ھالەتتە جاۋاب بېرىش ئارقىلىق ساھابىلەر ئارىسىدا ئىختىلاپنىڭ ئالدىنى ئالغان.

بۇ ئەھۋال قۇرئان كەرىمنىڭ ئەڭ مۇھىم تېمىلىرىدىن بولغان ئاللاھ، پەيغەمبەر ۋە ئاخىرەت ھاياتىغا ئالاقىدار تېمىلار ئۈستىدە تەپەككۇر قىلىش، ئەقىل يۈرگۈزۈش ۋە سوئال سوراشنىڭ چەكلەنمىگەنلىكىنى، ئەكسىچە قۇرئان كەرىمنىڭ ۋە پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامنىڭ بۇلارنى تەشۋىق قىلغانلىقىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپتۇ.

مەسىلىگە ئىنسانىي تەرەپتىن قارايدىغان بولساق، ئىنساننىڭ پەرقلىق تەبىئەتكە ئىگە بولۇشى، ئوخشىمىغان پىكىر ۋە قانائەت ئوتتۇرىغا قويۇشىدەك بىر تۈركۈم

[3] M. Yaşar Kandemir, “Muâz b. Cebel”, *Türkiye Diyanet Vakf*ı *İslam Ansiklopedisi* .

[4] ئەبۇداۋۇد ، ئەقدىيە 11: تىرمىزى ئەھكام 3

ئالاھىدىلىكلەرنىڭ بارلىقىنى كۆرۈۋالالايمىز.

ئىسلام دىنى ماھىيىتى ئېتىبارى بىلەن ئىلاھىي بىر دىن بولسا، تەسىرى ۋە نەتىجىسى ئېتىبارى بىلەن ئىنسانىي بىر دىندۇر. بۇ تەپەككۇر سىستېمىسىنىڭ ئىلاھىي قىسمى بولسا مەنبەسىنىڭ ۋەھيى بولغانلىقى سەۋەبلىك ئادەتتىن تاشقىرى بولغان بىر ھادىسىنىڭ نەتىجىسىدۇر. ئىنسانىي قىسمى بولسا ئىنسان ئەقلى بولغان ئىنسانىي بىر ھادىسىدىن ئوتتۇرىغا چىققان، دېيىشكە بولىدۇ. بۇ سەۋەبتىن ئىلاھىي بولغان بىر مەنبەدىن قانداق بىر مەنە چىقىرىش مەسىلىسى ئادەمنىڭ چۈشەنچىسى ۋە يېتىلىپ چوڭ بولغان كۈلتۈر ۋە مەدەنىيەت سەۋىيەسى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بىر مەسىلىدۇر. ئۇنداقتا تەپەككۇر سىستېمىسىنىڭ ئىنسانىي قىسمىنى ئويلىغىنىمىزدا ئىنسانىنىڭ تەپەككۇر قىلىشىغا تەسىر كۆرسىتىدىغان پۈتۈن ئامىللارنى كۆز ئالدىمىزغا كەلتۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ.

تارىخلارغا قارايدىغان بولساق، بۇرۇنقى پەيغەمبەرلەرنىڭ ئۈممەتلىرىنىڭ ۋاقتىنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئۆزئارا بۆلۈنۈپ بىر نەچچە پىرقىگە ئايرىلىپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. ئىسلام ئۈممىتىمۇ بۇرۇنقىلارغا ئوخشاشلا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋاپات بولغاندىن كېيىن، تۈرلۈك سەۋەبلەر بىلەن گۇرۇھلار ۋە بەزى مەزھەپلەر ئوتتۇرىغا چىققان ئىدى. ئەسلىدە يېڭىچە چۈشەنچە ۋە تەپەككۇر قىلىشنىڭ نەتىجىسىدە مەزھەپلەرنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشى نورمال ئەھۋال. تارىختا قارايدىغان بولساق، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ياشىغان دەۋرىدىن قانچىلىك ئۇزاقلاشقانسېرى مەزھەپ ۋە پىرقىلەرنىڭ شۇنچىلىك كۆپىيىۋاتقانلىقىنى كۆرۈۋالالايمىز .

ئۇنداقتا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھايات ۋاقتىدا ھېچقانداق مەزھەپ ئوتتۇرىغا چىقمىغان تۇرسا، ئۇنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن مۇسۇلمانلارنىڭ مەزھەپ ۋە پىرقىلەرگە ئايرىلىپ كېتىشىگە نېمە سەۋەبچى بولدى؟ دېگەن سوئال سورۇلۇشى مۇمكىن.

بۇنىڭغا جاۋاب بېرىپ دەيمىزكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ياشىغان دەۋر ئالاھىدە بىر دەۋر ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى ئۇ دەۋردە ۋەھيى نازىل بولۇشقا داۋام قىلىۋاتقان، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سۆز -ھەرىكەتلىرى بىلەن ئىنسانلارغا گۈزەل ئۆرنەك بولغان ئىدى. بىر تەرەپتىن قارايدىغان بولساق ئۇ دەۋرنىڭ سۈننەت ئەڭ مۇكەممەل شەكىلدە ئىجرا قىلىنغان ئالاھىدە بىر دەۋر ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالالايمىز. بۇ سەۋەبتىن ئەسرى سائادەت دەۋرىدىمۇ ئېتىقادىي ۋە فىقھىي

ساھەدە ھېچبىر مەزھەپ ئوتتۇرىغا چىقمىغان. مۇسۇلمانلار قۇرئانغا ۋە ئاللاھنىڭ رەسۇلىغا چىن قەلبى بىلەن ئىشەنگەنلىكى ئۈچۈن، ئۇلار ھەرقانداق بىر مەسىلىگە يولۇققاندا، ئۇنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن سوراش ئارقىلىق ھەل قىلغان ئىدى. شۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇسۇلمانلار ئارىسىدا ئىختىلاپقا سەۋەب بولىدىغان، ئېتىقادىي جەھەتتىن شۈبھىگە ئېلىپ بارىدىغان ھەرقانداق بىر مەسىلىنى ئوتتۇرىغا قويۇش ۋە تارتىشىشنى چەكلەش ئارقىلىق ئىنسانلارنىڭ ئارىسىدىكى بىرلىك ۋە باراۋەرلىكنى ساقلىغان ئىدى. بۇ ئەھۋال ساھابىلەرنىڭ كۆپىنچىسىنىڭ ھايات بولغان ۋاقتىدىمۇ داۋام قىلغان بولۇپ، فىقھىي مەسىلىلەردە پەرقلىق پىكىر بايان قىلغانلار بولسىمۇ، ئېتىقادىي مەسىلىلەردە ۋە دىنىنىڭ ئاساسلىق مەسىلىلىرىدە ئىجتىمائىي جەھەتتىن ئايرىلىش ۋە ئىختىلاپ قىلىش بولمىغان ئىدى.

مۇسۇلمانلارنىڭ بېشىدا خەلىپە بولغان بولسىمۇ، مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش جەريانىدا ھەر ئىككى تەرەپنىڭ كۆڭلىنى خاتىرجەم قىلىدىغان ئىش-ھەرىكەتلەرنىڭ كۈن ئۆتكەنسېرى ئاجىزلىشىپ كېتىشىگە ئوخشاش ئامىللار مۇسۇلمانلارنىڭ ئارىسىدا ئىختىلاپ چىقىشىغا سەۋەب بولغان ئىدى.

بۇنىڭ نەتىجىسىدە مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش چارە-تەدبىرلىرى ۋە پەرقلىق گۇرۇھلار پەيدا بولۇشقا باشلىغان، شۇنداقلا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋرىدىن ئۇزاقلاشقانسېرى ھەرخىل كۇلتۇر ۋە مەدەنىيەتلەرنىڭ تەسىرى بىلەن يېڭى چۈشەنچىلەر تەرەققىي قىلغا ن .

تارىخىي ۋەقەلەرنى ئىنچىكىلىك بىلەن تەكشۈرگەن ۋاقتىمىزدا، مەزھەپ ۋە پىرقىلەرنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشىغا كۆپلىگەن ئامىللارنىڭ سەۋەب بولغانلىقىنى كۆرىمىز .

### 1. دىنىي ئامىل

مەزھەپلەرنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشىدا مۇھىم رول ئوينىغان ئامىللارنىڭ بىرى دىنىي تېكىستلەرنىڭ خاراكتېرى ياكى ئۇ تېكىستلەرنى چۈشىنىشنىڭ بىر خىل بولمىغانلىقىدۇر. ئايەت ۋە ھەدىسلەرنىڭ بەزى ئالاھىدىلىكلىرى ئۆلىمالار ئارىسىدا ئوخشىمىغان كۆزقاراشلارنىڭ پەيدا بولۇشىغا تۈرتكە بولغان. بۇ ئايەت ۋە ھەدىسلەر ئەرەب تىلى ۋە ئەرەب ئەدەبىياتىنىڭ بارلىق ئالاھىدىلىكلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئايەت ۋە ھەدىسلەردە تەشبىھ، تەمسىل، مەجاز ۋە كىنايە قاتارلىق ئەدەبىي ئۇسلۇبلارنىڭ قوللىنىلىدىغانلىقى ھەممىگە ئايان. بۇلارنى چۈشىنىشكە ئۇرۇنغان ئۆلىمالار ئوخشىمىغان

كۆلتۈر، ئەنئەنە ۋە پەلسەپەۋي ئارقا كۆرۈنۈشكە ئىگە بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلارنى ئوخشىمىغان ئۇسۇللار ئارقىلىق چۈشىنىشكە تىرىشقان. ئۆلىمالارنىڭ ئارىسىدىكى تالاش-تارتىشلار دىنىنىڭ ئاساسىي گەۋدىسىدىكى مەسىلىلەر بولماستىن، بەلكى تارماق مەسىلىلەردىكى ئىختىلاپلاردۇر.

مۇسۇلمانلار ئارىسىدا بىر قىسىم چېكىدىن ئاشقان شىئە مەزھەپپىدىكىلەرنى ھېسابقا ئالمىغاندا، قۇرئان كەرىمنىڭ ساقلانغانلىقى ۋە ئۇنىڭ ۋەھيى قىلىنغان پېتى توپلانغانلىقى توغرىسىدا ئورتاق ئىتتىپاق بولغان[5]. گەرچە ئايەتلەرنىڭ سەھەھلىكى توغرىسىدا ئىختىلاپ بولمىسىمۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ ئەھمىيىتى يەنى نىمىنى كۆرسىتىدىغانلىقى ياكى قانداق مەنىنى ئىپادىلەيدىغانلىقى توغرىسىدا بەزى ئىختىلاپلار بار. مۇسۇلمانلارنىڭ ئاساسلىق مەقسىتى قۇرئاننى ئوقۇش، چۈشىنىش ۋە ئەمەل قىلىش بولغاچقا، ئۇلار بۇ تېكىستنى ياكى تەرجىمىسىنى ئوقۇش ئارقىلىق ئاللاھنىڭ ئىرادىسىنىڭ نىمە ئىكەنلىكىنى چۈشىنەلەيدۇ. بۇ «قۇرئان» دېگەن ئىسىمدىن مەلۇم بولغىنىدەك، ئۇ ئوقۇش ۋە چۈشىنىش ئۈچۈن ئەۋەتىلگەن ئىلاھىي كىتابتۇر.

شۇڭلاشقا قۇرئاننى چۈشەنمەي تۇرۇپ ئاللاھنىڭ ئىرادىسىنىڭ نىمە ئىكەنلىكىنى بىلىش مۇمكىن ئەمەس. بۇ جەھەتتە مۇسۇلمانلار قۇرئاننى ئوقۇش ۋە چۈشىنىش ئۈچۈن زور كۈچ چىقارغان. قۇرئان ئايەتلىرىنىڭ ھەممىسىنىڭ ئۇسلۇبى ئوخشاش ئەمەس. قۇرئاندا بايان قىلىنغاندەك[6]، بەزى ئايەتلەرنىڭ مەنىسى ئېنىق، ئۇلارنى چۈشىنىش مەسىلىسىدە ئىختىلاپ يوق، ئىلاھىي مۇراد-مەقسەتنىڭ نىمە ئىكەنلىكىنى ئاسانلا چۈشىنىشكە بولىدۇ. بۇ ئايەتلەر «مۇھكەم ئايەتلەر» دەپ ئاتىلىدۇ. يەنە بىر گۇرۇپپا ئايەتلەر بار بولۇپ، ئۇلارنىڭ مەنىسى مۇھكەم ئايەتلەردەك ئېنىق ئەمەس. بۇ ئايەتلەر «مۇتەشابىھ» ئايەتلەر دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ ئايەتلەرنىڭ ھەقىقەت، مەجاز، تەشبىھ ۋە تەمسىل قاتارلىق ئاتالغۇلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلارنى چۈشىنىش قىيىندۇر. ئەمەلىيەتتە بۇ ئەھۋال ئىنتايىن تەبىئىي بولۇپ، ئەرەب تىل بالاغىتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك مەسىلىدۇر. بۇ خىل ئىنچىكە نۇقتىلار ئەدەبىي تېكىستلەردىلا ئەمەس، بەلكى تىلنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشتىكى ئىشلىتىلىشىدىمۇ مەۋجۇتتۇر. شۇڭلاشقا بۇ خىل چۈشىنىش مەسىلىلىرىنىڭ قۇرئان تېكىستىگە ئوخشاش مۆجىزىۋى ۋە ئىلاھىي بىر كالامدا يۈز بېرىشى

[5] Halil İbrahim Bulut, İ*slam Tevhid Diniyse Bu kadar Mezhep Neden Var ?* (İstanbul: Beyan Yayınları, 2024), 47.

[6] ئال ئىمران 3\7.

ناھايىتى تەبىئىي ئەھۋالدۇر. شۇ سەۋەبتىن مۆتەشابىھ ئايەتلەرگە مەنە بەرمەكچى بولغاندا، ئوخشىمىغان كۆزقاراشلارنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشى مۇقەررەر.

يەنە بىر جەھەتتىن ھەدىسلەرگە كەلسەك، ئۇلارنىڭ مەۋجۇتلۇقى (دەلىل-ئىسپاتلىرى) ۋە نېمىلەرنى كۆرسىتىدىغانلىقى (دەلالىتى) توغرىسىدا بىر قىسىم تالاش-تارتىشلار بولغان. بەزى رىۋايەتلەر چىنلىق جەھەتتىن، يەنى ئۇلارنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆزى ياكى ئەمەسلىكى توغرىسىدا مۇنازىرە قىلىنغان. بەزىلىرى گەرچە ئىشەنچلىك دەپ قوبۇل قىلىنغان بولسىمۇ، بۇ سۆزلەرنى قانداق چۈشىنىش كېرەكلىكى توغرىسىدا مۇنازىرىلەر بولغان. بۇنىڭغا ئىنساننىڭ ئىرادىسى ۋە ئەركىنلىكى، تەقدىر، روھ ۋە ئاخىرەت قاتارلىق ھەر قايسى تەرەپلەردە چۈشىنىش تەس بولغان ئابستراكت مەزمۇنلارنى مىسال كەلتۈرەلەيمىز. شۇڭا ھەدىس سۈپىتىدە يەتكۈزۈلگەن رىۋايەتلەرنىڭ ئىشەنچلىك ياكى ئەمەسلىكى، ئىشەنچلىك دەپ قوبۇل قىلىنغان تېكىستلەرنىڭ مەنىسىنىڭ نېمە ئىكەنلىكى مۇنازىرە تېمىسىدۇر. بۇ سەۋەبتىن دىنىي تېكىستلەرنى (ئايەت ۋە ھەدىسلەرنى) ئىسپاتلاش ۋە كۆرسىتىش ھەققىدىكى ئوخشىمىغان كۆزقاراشلار مۇسۇلمانلار ئارىسىدا ئىختىلاپنى كەلتۈرۈپ چىقارغان. ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ، بۇ خىل ئىختىلاپ ئوخشىمىغان مەزھەپلەرنىڭ شەكىللىنىشىگە يول ئاچقان.

شۇنى ئۇنتۇپ قالماسلىق كېرەككى، قۇرئان ۋە ھەدىسلەر مۇسۇلمانلارنى ئويلىنىشقا ۋە پىكىر يۈرگۈزۈشكە ئىلھاملاندۇرىدۇ. قۇرئان كەرىم مۇسۇلمانلارنىڭ دىنىنىڭ ھەقىقىتىنى چۈشىنىشى ئۈچۈن ئۇلارنى تەپەككۇر قىلىشقا ۋە ئەقىل ئىشلىتىشكە ئۈندىگەن. قۇرئاندا نۇرغۇن ئايەتلەردە «ئويلىمامسەن؟ ئەقلىڭنى ئىشلەتمەمسەن؟» دەپ سوراش ئارقىلىق كىشىلەرنى ئويلىنىشقا ۋە تەپەككۇر قىلىشقا ئىلھاملاندۇرغان. بۇ مىساللارنى كۆپەيتىش مۇمكىن. بۇ نۇقتىدىن ئېيتقاندا، ئىلاھىي سۆزنىڭ ماھىيىتى، پىكىر ئەركىنلىكى ۋە شۇ سەۋەبتىن ئىسلامنىڭ ئاساسىي پىرىنسىپلىرى ئىچىدە قالغان ئەھۋال ئاستىدا، ئوخشىمىغان چۈشەنچىلەرنىڭ بارلىققا كېلىشىگە يول قويىدۇ[7].

## 2. سىياسىي ئامىل

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىسلام دىنىنى يەتكۈزۈش ۋە يېڭى قۇرۇلغان ئىسلام دۆلىتىنى

[7] Mehmet Saffet Sarıkaya, *İslam Düşünce Tarihinde Mezhepler* (İstanbul: Rağbet Yayınları, 2015), 37.

باشقۇرۇشتەك ئەڭ مۇھىم ئىككى ۋەزىپىسى بار ئىدى[8]. بۇ ئىككى ۋەزىپىدىن بىرى بولغان نۇبۇۋۋەت (پەيغەمبەرلىك) ۋەزىپىسى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋاپات تېپىشى بىلەن ئاخىرلاشقان ئىدى. ئەمما مۇسۇلمانلار جەمئىيىتى بار بولغان مۇددەتچە خىلاپەت-ئىمامەت ۋەزىپىسى بىرلىرى تەرىپىدىن داۋام قىلىنىشى كېرەك ئىدى. مۇشۇ نۇقتىغا كەلگەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋاپات تېپىشى بىلەن بىرلىكتە دۆلەت رەئىسىنىڭ كىم بولىدىغانلىقى، شۇنداقلا رەئىس بولىدىغان كىشىنىڭ قانداق ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە بولۇشى كېرەك ئىكەنلىكىگە ئوخشاش مەسىلىلەر مۇسۇلمانلارنىڭ كۈنتەرتىپىگە كىلىشكە باشلىغان بولۇپ، ھىجرىيە بىرىنچى ئەسىردىن ئېتىبارەن ئىمامەت مەسىلىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان كۆپلىگەن ئىختىلاپلار ئوتتۇرىغا چىققان. ئومۇمەن مۇسۇلمانلار ئىمامەت مەسىلىسىنى ئېتىقادىي بىر مەسىلە سۈپىتىدە ئەمەس، بەلكى قولدىن بىرىشكە بولمايدىغان مۇھىم ئىشلاردىن بىرى دەپ قوبۇل قىلغان بولغاچقا، ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى ئۆزلىرىگە خەلىپە قىلىپ سايلىغان[9]. ئۇنىڭ ۋاپات تېپىشى بىلەن ھەزرىتى ئۆمەر ۋە ئۇنىڭدىن كېيىن ھەزرىتى

[8] Bulut, *Mezhep Neden Var ?*, 51.
[9] Bulut, *Mezhep Neden Var ?*, 52.

ئوسمانغا بەيئەت قىلغان ئىدى. ئوسماننىڭ بىر قىسىم ئىسيانچىلار گۇرۇھى تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلۈشى بىلەن مۇسۇلمانلارنىڭ ئارىسىدا خىلاپەت توغرۇلۇق مۇنازىرىلەر ئەۋج ئېلىش بىلەن بىرلىكتە بۇ مەسىلە ساقايماس يارا بولۇپ كېڭىيىشكە باشلىغان.

ئەسلىدە ئىسلام دىنى ئىنسانلارنى بىر-بىرى بىلەن دوست ۋە قېرىنداش بولۇپ ئىناق ۋە ئىتتىپاق بىر شەكىلدە ياشاشقا ئۈندەش بىلەن بىرلىكتە ئىرقچىلىق ۋە قەبىلىۋازلىقنى تامامەن رەت قىلغان بولۇپ، ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا ئەڭ ئۈستۈن بولغان كىشىنىڭ تەقۋا كىشى ئىكەنلىكىنى تەكىتلىگەن[10]. ئۇ دەۋردە مۇسۇلمانلارنىڭ ئارىسىدا قەبىلىۋازلىق مەسىلىسى تامامەن ھەل بولمىغان بولۇپ، بۇنىڭ تەسىرى تۈنجى خەلىپە سايلىمى بولغاندا سەقىفەتۇ بەنى سائىدەدە ئەۋس ۋە خەزرەج قەبىلىسى ئوتتۇرىسىدىكى تالاش-تارتىشلاردا ۋە ھەزرىتى ئوسمان ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن ئەمەۋىيلەر قەبىلىسى بىلەن ھاشىمىيلەر قەبىلىسى ئوتتۇرىسىدىكى رىقابەتتىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. ئەمەۋىي قەبىلىسىدىن بولغان مۇئاۋىيەنىڭ دەۋرىدە قەبىلىۋازلىق ۋە ئىرقچىلىق مەسىلىسى ئەڭ يۇقىرى پەللىگە چىققان بولۇپ،

[10] ھۇجۇرات، 13.

ئەرەب بولمىغان مۇسۇلمانلارغا مەۋالى (قۇل) سۈپىتىدە مۇئامىلە قىلغان بولغاچقا، ئۇنىڭ دەۋرى بىر تەرەپتىن ئىسلام تۇپراقلىرىنىڭ ئەڭ كېڭەيگەن دەۋرى دەپ ئاتالسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئەرەب ئەمەس مۇسۇلمانلارنىڭ خورلىنىشىغا[11] ۋە قەبىلىۋازلىقنىڭ قايتىدىن باش كۆتۈرۈشىگە تۈرتكە بولۇپ، كۆپلىگەن مەزھەپلەرنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشىغا سەۋەب بولغان. شۇنداقلا ئىسلام تارىخىدا ئەڭ قانلىق كۆرۈنۈشلەرگە سەۋەب بولغان خاۋارىج ئېقىمىغا قارشى رەددىيە تەرىقىسىدە ئوتتۇرىغا چىققان، ئۇمۇمىي مۇسۇلمانلار تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنغان «گۇناھكار كىشىلەرنىڭ ئاخىرەتتىكى ئەھۋالىنى ئاللاھقا ھاۋالە قىلىش، شۇنداقلا ئىمان ئېتىقادىدىن كېيىن ھەرقانداق مۇسۇلماننىڭ ھەق-ھوقۇقتا باراۋەرلىكى ياكى مۇسۇلمانلارنىڭ قېرىنداشلىق، بىرلىك-باراۋەرلىكى ئاساستۇر» دېگەندەك كۆزقاراشلارنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشىدا ئەمەۋىي ۋە ئابباسىيلار دەۋرىدىكى سىياسىي ئەھۋالنى كۆز ئالدىمىزغا ئەكەلگەن ۋاقتىمىزدا، مەسىلىنى تېخىمۇ ياخشى چۈشىنەلەيمىز.[12]

يەنە بىر تەرەپتىن رەھبەرلىك ۋە باش بولۇش ئارزۇلىرىمۇ مەزھەپلەرنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشىغا سەۋەب بولغان. بۇنىڭ ئەڭ روشەن ئۆرنەكلىرىدىن بىرى، جاھالىيەت دەۋرىدىكى ئۇمەييە قەبىلىسى بىلەن ھاشىم قەبىلىسى ئارىسىدىكى رىقابەتتۇر. قارايدىغان بولساق ھەزرىتى ئوسمان (ۋاپات 35\656) شېھىت قىلىنغاندىن كېيىن ھەزرىتى ئەلىنىڭ (ۋاپاتى 40\661) خەلىپە بولۇپ تاللىنىشىغا مۇئاۋىيە (ۋاپات 60\680) قارشى چىقىش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ خەلىپە بولۇش ئارزۇسىنى ئەمەلگە ئاشۇرغان. بۇ يەنە بىر تەرەپتىن مۇئاۋىيەنىڭ ھەزرىتى ھەسەن (ۋاپات 49\669) بىلەن كېلىشىم تۈزگەن بولۇشىغا قارىماي ئوغلى يەزىدنى (ۋاپات 64\683) تەختنىڭ ۋارىسى دەپ ئېلان قىلىشى ھەم لىدەرلىك ۋە باش بولۇش ئارزۇسى بىلەن مۇناسىۋەتلىكتۇر. ئەمەۋىيلەر بىلەن ھاشىمىيلەر ئوتتۇرىسىدىكى بۇ رىقابەت مۇسۇلمانلارنىڭ ئارىسىدا ئىمامەت مەسىلىدە كۆپلىگەن مۇنازىرىلەرنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان بولۇپ، كېيىنكى ۋاقىتلاردا ئەھلى سۈننەت بىلەن شىئەلەرنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى تالاش-تارتىشلارنىڭ ئاساسلىق سەۋەبلىرىدىن بىرى

[11] جۇملىدىن ئۇيغۇرلارنىڭ ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىش باسقۇچىدىمۇ بۇ ئامىل مۇھىم رول ئوينىغان، تېخىمۇ كۆپ مەلۇماتقا ئېرىشىش ئۈچۈن قاراڭ: Zikrullah Alim (ed.), “İslam’ın Orta Asya’da Yayılma Süreci: Uygur Türkleri Örneği [*7. Uluslararası Öğrenci Sempozyumu*]” (Uluslararası Öğrenci Dernekleri Federasyonu, 2022), 97.

[12] Bulut, *Mezhep Neden Var ?*, 54; Salim b. Zekvân, *es-Sîre, Bir Hâricî/İbâdî Klasiği* (Ankara: Ankara Okulu Yayınları, 2017), 82.

دېيىشكە بولىدۇ.[13]

ئىمامەتكە ئالاقىدار تالاش-تارتىشلارنىڭ نەتىجىسىدە تۇنجى بولۇپ خاۋارىجلار ئوتتۇرىغا چىققان. بۇلار جەمەل ۋە سىففىن ئۇرۇشىدا ھەزرىتى ئەلىنىڭ سېپىدا يەر ئالغان. پەقەت مۇئاۋىيە بىلەن بولغان جەڭدىكى ھەكەملىك (تەھكىم) مەسىلىسىدە ھەزرىتى ئەلىنى قاتتىق تەنقىد قىلىش ئارقىلىق سەپتىن ئايرىلغان ۋە ئۇلارنىڭ (كاپىر) بولۇش ئارقىلىق دىندىن چىقىپ كەتكەنلىكىنى ئېلان قىلغان. ئەسلىدە قارايدىغان بولساق ھەزرىتى ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ قوللىغۇچىلىرى تەرىپىدىن يېتەرلىك دەرىجىدە قوللاشقا ئېرىشەلمىگەنلىكى ئۈچۈن (ھەكەم) نى قوبۇل قىلىشقا مەجبۇر بولۇپ قالغان. بۇ دىنىي مەسىلە بولماستىن، بەلكى شام خەلقىنىڭ ئۇرۇشنى توختىتىش ئارقىلىق ۋەزىيەتنى ئۆز مەنپەئەتىگە ئۇيغۇن ھالەتكە ئەكىلىشتىن ئىبارەت ئورۇش تاكتىكىسى ۋە ھىلە-مىكىرىدىن باشقا بىر نەر ئەمەس ئىدى. ھەزرىتى ئەلىنىڭ قوبۇل قىلىشىمۇ ھەم دىنىي مەسىلە بولماستىن، ئاشۇ ۋاقىتتىكى شەرت-شارائىتنىڭ تەقەززاسى ئىدى.[14]

خاۋارىجلار تەرىپىدىن قارايدىغان بولساق شام تەرەپ بىلەن كۇفە تەرەپ ئۆز ئارا كېلىشىم تۈزۈش ئارقىلىق ئۇرۇش توختىتىشنى خاۋارىجلارغا نىسبەتەن بىر تەھدىت ھېسابلىناتتى. چۈنكى ھەر ئىككى تەرەپنىڭ تۇنجى بولۇپ قىلىدىغان ئىشى ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قاتىللىرىنى جازالاش ئىدى. بۇنىڭ بولماسلىقى ئۈچۈن ئۇرۇشنىڭ توختىماي داۋام قىلىشى كېرەك ئىدى. نەتىجىدە، ھەزرىتى ئەلى مۇئاۋىيە ۋە ئەمر ئىبنى ئاستىن ئىبارەت (ھەكەم) نى قوبۇل قىلغان كىشىلەر قۇرئان بىلەن ھۆكۈم قىلمىغانلىقى ئۈچۈن خاۋارىجلار تەرىپىدىن كاپىر دەپ ئېلان قىلىنغان.[15]

مۇسۇلمانلارنىڭ سىياسىي سەۋەبلەر تۈپەيلى ئوتتۇرىغا چىققان ئۇرۇشلارنىڭ نەتىجىسىدە كۆپلىگەن مۇسۇلماننىڭ قېنى تۆكۈلۈشكە سەۋەب بولغان بولۇپ، بۇ مەسىلە «بىر مۇئمىننى ئۆلتۈرگەن يەنە بىر مۇئمىننىڭ دىنىي ئەھۋالىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقى» ۋە «چوڭ گۇناھ ئىشلىگەن بىر مۇسۇلماننىڭ ئاقىۋىتىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقى»غا ئوخشاش سوئاللارنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشىغا سەۋەب بولغان. ئەسلىدە ساھابىلەرنىڭمۇ ئىشتىراك قىلغان سىففىن (657\37) ۋە جەمەل (656\36) ئۇرۇشلىرى سىياسىي سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن

[13] Bulut, *Mezhep Neden Var ?*, 55.

[14] Kadir Gömbeyaz, *Bir Müslüman Mezhepler, Tarikatlar ve Cemaatler'e Nasıl Bakmalı?* (İstanbul: Beyan Yayınları, 2021), 39.

[15] Bulut, *Mezhep Neden Var ?*, 55.

بولغان بولسىمۇ، بۇ ئۇرۇشلارنىڭ نەتىجىسىدە مۇسۇلمانلارنى «چوڭ گۇناھ» مەسىلىسى ئارقىلىق ئېتىقادىي بىر مەسىلە ھالىتىگە ئەكەلگەن. قۇرئاندا ئادەم ئۆلتۈرۈشنىڭ چوڭ گۇناھ ئىكەنلىكى ئوچۇق بايان قىلىنغان.[16] قاتىل ۋە مەقتۇل مۇسۇلمان بولغانغا قارىغاندا بۇلارنىڭ دىنىي ئاقىۋىتىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقى توغرۇلۇق سوئاللارنىڭ نەتىجىسىدە ئىمان ۋە ماھىيىتى، ئىمان-ئەمەل مۇناسىۋىتىگە ئوخشىغان تېمىلار مۇنازىرە قىلىنغان بولۇپ، بۇنىڭ نەتىجىسىدە خاۋارىج، مۇرجىئە، مۇئتەزىلە ۋە ئەھلى سۈننەت قاتارلىق ئاساسلىق مەزھەپلەر بارلىققا كەلدى. بۇ تالاش-تارتىشلاردىن ئۇزاق تۇرۇشقا تىرىشقان «پىكىر بايان قىلىشتىن ئۇزاق تۇرغان» دىنىي ئاقىۋىتىنى پەقەتلا ئاللاھنىڭ بىلەلەيدىغانلىقىنى قوبۇل قىلىپ ئاخىرەت كۈنىگە قويۇپ قويغان كىشىلەر مۇرجىئە مەزھىپىنىڭ باشلامچىلىرى ھېسابلىنىدۇ.

### 3. پىسخىكىلىق ۋە ئىجتىمائىي ئامىللار

ئىسلام تارىخىدىكى ئېتىقادىي ۋە سىياسىي توقۇنۇشلارنىڭ پەيدا بولۇشىغا يول ئاچىدىغان ئەڭ مۇھىم سەۋەبلەرنىڭ بىرى «ئىنساننىڭ تەبىئىتى» ئىكەنلىكىنى ئىلگىرى سۈرۈش مۇۋاپىقتۇر. ئىنسان تەپەككۇر قىلىدىغان، ئەقىل ئىشلىتىدىغان ۋە ئىلاھىي ۋەھيىنىڭ مۇخاتىبى بولغان بىر مەخلۇقتۇر. ئىنساننىڭ بۇ ئالاھىدىلىكى پىكىر توقۇنۇشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان سەۋەبلەرنىڭ مەنبەسىدۇر. شۇڭلاشقا ئىنسانلار مەۋجۇت بولسىلا تەپەككۇر قىلىش، چۈشىنىش ۋە چۈشەندۈرۈشتە پەرقلەرنىڭ بولۇشى تەبىئىي ئىشتۇر. بۇ بىر خىل تەبىئىي، ھەتتا مۇقەررەر جەريان بولۇپ، ئوخشىمىغان ھېسسىيات، پىكىر ۋە چۈشەنچىگە ئىگە كىشىلەر ئوخشىمىغان ئىدىيەلەرنى بارلىققا كەلتۈرىدۇ، شۇڭا پەرقلەر مەيدانغا كېلىدۇ. شۇنى ئۇنتۇپ قالماسلىق كېرەككى، توقۇنۇشنى (پىكرىي ئوخشاشماسلىق ۋە ئىختىلاپنى) رەت قىلىش دېگەنلىك ئىنسانلارنىڭ تەبىئىتىنى قوبۇل قىلماسلىق ۋە تەپەككۇر سۈسلۈكىنى كۆرسىتىدۇ. ئىختىلاپ بولغان يەردە توغرا ۋە خاتا بولىدۇ. مۇھىمى ھەقىقەتنى ئىزدەش ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسىتىش ۋە بۇ جەھەتتە ياخشى نىيەتتە بولۇشتۇر.

ئىنسانلار ئوخشىمىغان ئالاھىدىلىككە ۋە ئوخشىمىغان ئەقىل ۋە مىجەزگە ئىگە قىلىپ يارىتىلغان. بۇ سەۋەبتىن كىشىلەرنىڭ ھەر خىل مەسىلىلەرگە باشقىچە پوزىتسىيە تۇتۇشى تەبىئىي ئەھۋال. شۈبھىسىزكى،

[16] نىسا 4\92ـ93.

كىشىلەرنىڭ ياشاۋاتقان مۇھىتى ۋە تەۋە بولغان مەدەنىيەت ئۇلارنىڭ تەرەققىياتىدا مۇھىم رول ئوينايدۇ. بەزى كىشىلەرنىڭ ئالاھىدىلىكى ئۇلارنىڭ پوزىتسىيەسى ۋە ھەرىكىتىدە ئىپادىلىنىدۇ. دەرۋەقە، ئۇلارنىڭ بەزىلىرى رەھبەر بولۇش ۋە باشقىلارغا ھۆكۈمرانلىق قىلىش ئارزۇسى بىلەن ئەتراپىدىكى نۇرغۇن كىشىلەرنى يېتەكلىيەلەيدۇ. ئەكسىچە بەزى كىشىلەر ھەممىشە باشقىلارنىڭ ئۆزىگە يېتەكچىلىك قىلىشىنى، ئۆزى ئىشىنىدىغان ۋە تايىنىشقا بولىدىغان سۈپەتلىرى يۇقىرى، باشقىلارغا قارىغاندا جەزىبىدار شەخسلەرنى ئىزدەيدۇ. ئىسلام تارىخىدىكى ھەر خىل مەزھەپلەرنى قۇرغۇچىلارنىڭ ياكى كۆندىلىك سىياسەتتە ئالدىنقى ئورۇنغا ئۆتكەن رەھبەرلەرنىڭ بۇ ئاساسلىق ئالاھىدىلىكلىرىگە دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدۇ. بۇ يەردە مۇختار ئەسسەقاپى (ۋاپات 687/67)، مىرزا ھۈسەيىن ئەلى (ۋاپات 1892-يىلى) ۋە مىرزا غۇلام ئەھمەد (1908-يىلى ۋاپات بولغان) قاتارلىق شەخسلەرنىڭ ئەتراپىدا پەيدا بولغان مەھدى ھەرىكەتلىرىنى مىسال سۈپىتىدە تىلغا ئېلىش مۇمكىن.[17]

ئىنسان پسىخىكىسىنىڭ مەزھەپلەرنىڭ بارلىققا كېلىشىگە قانداق تەسىر كۆرسىتىدىغانلىقىنىڭ يەنە بىر تەربىيە شۇكى، ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغان ۋە ئۆزىنى مۇسۇلمان دەپ جاكارلىغان كىشىلەرنىڭ مۇددىئاسى ۋە مەقسىتى ئوخشىمايدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دەۋرىدە سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئۆزىنى مۇسۇلماندەك كۆرسىتىدىغان، ئەمما تۈنجى پۇرسەتتە ئىسلام ۋە مۇسۇلمانلارغا ھۇجۇم قىلىشنى ئويلايدىغان بىر قىسىم يامان نىيەتلىك كىشىلەر بار ئىدى. دەرۋەقە، ئىسلامنى ئەمدىلا قوبۇل قىلغان بەزى قەبىلىلەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىنلا ئەبۇ بەكرى دەۋرىدە ئىسلامدىن ۋاز كەچكەنلىكىنى ئېلان قىلدى. بۇنىڭدىن باشقا مەغلۇبىيەتنى ھەزىم قىلالمايدىغان بىر قىسىم كىشىلەر تاشقى جەھەتتە مۇسۇلماندەك كۆرۈنىدۇ. ئەمما ئىسلامنى كەمسىتىش ياكى ئىچىدىن يوقىتىش ئۈچۈن ھىيلىگەرچە ھەرىكەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلىقىنى ئىپادىلەش مۇمكىن. ئىبنى ھەزىم شىئەنىڭ بارلىققا كېلىشىنى پارس مەدەنىيىتى ۋە يامان غەرەزلىك كىشىلەرنىڭ قىلمىشىغا باغلايدۇ. ئۇ بۇ ئەھۋالنى مۇنداق چۈشەندۈرىدۇ: «پارس ئىمپېرىيەسى كۈچلۈك بىر پادىشاھلىققا ئىگە ئىدى؛ ئۇلار ھەممە مىللەتلەرگە تەسىر كۆرسىتەتتى ۋە ئۆزىنى ئىمتىيازلىق دەپ قارايتتى. ئۇلار ھەتتا ئۆزىنى ئالىيجاناب ۋە ئېسىلزادىلەرنىڭ

[17] Bulut, *Mezhep Neden Var ?*, 58.

باللىرى دەپ ئاتايتتى. ئۇلار باشقا كىشىلەرنى ئۆزلىرىنىڭ قۇلى دەپ قارايتتى. مەغرۇرلانغان بۈيۈك دۆلەتتى ئەرەبلەرنىڭ قولى بىلەن ھالاك بولدى. دەرۋەقە، پارس ئىمپېرىيەسى ئەرەبلەرنى قىلچە كۆزگە ئىلمايدىغان ئىمپېراتورلۇق بولغاچقا، بۇ ئەھۋال ئۇلارغا ئېغىر كەلدى ۋە ئۇلارنىڭ نەزىرىدىكى بۇ بالايىئاپەت تېخىمۇ چوڭىيىپ كەتتى. ئۇلارنىڭ بىر قىسمى ئۆزلىرىنىڭ ئىسلامنى قوبۇل قىلغانلىقىنى جاكارلىدى. ئۇلار رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ۋە ئەلىگە قارىتىلغان زۇلۇمنىڭ نەقەدەر رەزىللىكىنى كۆرسىتىش ئارقىلىق شىئە مەزھىپىگە مايىل بولدى. ئاندىن ئۇلارنى ئىسلامدىن تامامەن چىقارغۇچىلىك ھەر خىل يوللارغا باشلاپ باردى»[18]. ئىبنى ھەزمنىڭ ئىپادىلىرىدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئىسلامنى قوبۇل قىلغان ۋە يوقىتىشنى مەقسەت قىلغان ھەر خىل ئۆكتىچى ھەرىكەتلەرنى قوللايدىغان گۇرۇپپىلار مەۋجۇت. بۇنىڭغا قارشى مۇسۇلمان جەمئىيىتىنىڭ تېخىمۇ ئېھتىياتچان ۋە ھوشيار بولۇشى كېرەك.

يەنە تەخت ھېرىسمەنلىكنى پىسخىكىلىق سەۋەب سۈپىتىدە تىلغا ئېلىشقا بولىدۇ. مەنبەلەردە ئىسلام دىنى مەككىدە دەۋەت باشلاشتىن ئىلگىرى ئۇمەييە جەمەتى بىلەن ھاشىم جەمەتى ئوتتۇرىسىدا ھوقۇق تالىشىش كۈرىشى بولغانلىقى بايان قىلىنغان. ئۇمەييە جەمەتى ئۆزلىرىنىڭ قارشىلىق پوزىتسىيەسىنى مەككىنى بويسۇندۇرغۇچە داۋاملاشتۇردى ۋە بويسۇندۇرۇلغاندىن كېيىن ئىسلامنى قوبۇل قىلىشقا مەجبۇر بولدى. ئۇزاق ۋاقىت رەھبەرلىك قاتلىمىدىن يىراق تۇرۇپ قالغان ئۇمەييە ئائىلىسى ھەزرىتى ئوسمان دەۋرىدە ساقلاۋاتقان پۇرسەتنى تاپتى، ئۇلار بۇنىڭدىن كېيىن بىر تۈرلۈك رەھبەرلىك ماقامىدىن ۋاز كېچىشنى خالىمىدى. دەرۋەقە، ھەزرىتى ئەلى بىلەن مۇئاۋىيە ئوتتۇرىسىدىكى ھوقۇق كۈرىشى، ھەزرىتى ئەلىنىڭ قانۇنلۇق خەلىپە بولۇپ سايلانغانلىقىغا قارىماي، مۇئاۋىيەنىڭ رەھبەرلىكتىن ۋاز كەچمەسلىك ئارزۇسى يەنە ئوتتۇرىغا چىقتى. گەرچە ھەسەن بىلەن كېلىشىم تۈزگەن بولسىمۇ، ئوغلى يەزىدنى ئۆزىدىن كېيىن ۋارىس قىلىپ تەيىنلەش بۇ تەخت ھېرىسمەنلىكى ۋە ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش ئارزۇسى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىكتۇر. ئەمەۋىيلەرنىڭ رەھبەرلىككە بولغان ئىشتىياقى باشتىن-ئاخىر مۇسۇلمانلار ئوتتۇرىسىدىكى ئىختىلاپنىڭ ئەڭ مۇھىم مەسىلىسى بولغان

[18] Ebu Muhammed b. Ali ez-Zahiri İbn Hazm, *el-Fasl*, *Dinler ve Mezhepler Tarihi*, çev. Halil İbarim Bulut (İstanbul: Türkiye Yazma Eserler Kurumu Başkanlığı, 2017), 2/20.

ئىمام-خەلىپە (دۆلەت رەئىسى) مەسىلىسىدىكى ئاساسلىق تالاش-تارتىشلارغا سەۋەب بولغان بولۇپ، ئىسلام تارىخىدىكى شىئە-سۈننىي تالاش-تارتىشلىرىنىڭ ئاساسلىق ئوبيېكتىنى شەكىللەندۈردى.

يەنە بىر تەرەپتىن باشقىلارغا ھۆكۈمرانلىق قىلىش ئارزۇسى، كىشىلەرنى ئوخشىمىغان پوزىتسىيەدە بولۇشقا يېتەكلىدى. تارىختىن بۇيان باشقىلارغا ھۆكۈمرانلىق قىلىشنى خالايدىغان نۇرغۇن كىشىلەر ئۆزىنى ئاقلاش ۋە ھوقۇقنى قولغا كەلتۈرۈش ياكى مەۋجۇت ھوقۇقنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن دىندىن پايدىلانغان. بۇنىڭ مىسالى سۈپىتىدە ئەمەۋىيلەر تەرىپىدىن ئىلگىرى سۈرۈلگەن «ئىلاھىي تەقدىر» سەپسەتىسىنى تىلغا ئېلىپ ئۆتۈشكە ئەرزىيدۇ. ھوقۇقنى ناھەق تارتىۋالغان ئەمەۋىي خاندانلىقى دىنىي سانلىق مەلۇماتلارنى ئىشلىتىپ ئۇلارنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى قانۇنلاشتۇرۇشتىن ئۆزىنى قاچۇرمىدى. مۇئاۋىيە ھاكىمىيەت بېشىغا چىققاندا، كىشىلەرنى ئۆزىگە ئىتائەت قىلدۇرۇش ئۈچۈن بويسۇنۇشقا مەجبۇرلايدىغان بىر دەلىل تېپىشقا ئۇرۇندى. بۇ ئارقا كۆرۈنۈشتە «ئەگەر ئاللاھ مېنىڭ بۇ خىزمەتكە لاياقەتلىك ئىكەنلىكىمنى كۆرمىگەن بولسا، ئۇ بۇ خىزمەتنى ماڭا تاشلاپ قويمىغان بولاتتى.

ئەگەر ئاللاھ بىزنىڭ قىلىۋاتقان ئىشىمىزدىن رازى بولمىغان بولسا، بۇ ئەھۋالنى ئۆزگەرتكەن بولاتتى» دېگەن سەپسەتىنى كۆتۈرۈپ چىقىپ، ئۇ ئۆزىنى تەنقىد قىلغان ياكى ئۇنىڭغا قارشى تۇرغانلارنى جىمىقتۇرۇشقا ئۇرۇندى. بۇ ئارقا كۆرۈنۈشتە مۇئاۋىيە مۇنداق دېدى: «مەن ئاللاھنىڭ خەزىنىچىسى، مەن ئاللاھ نېمىگە تەقدىر قىلغان بولسا شۇنى بېرىمەن، نېمىدىن چەكلىگەن بولسا ئۇنى چەكلەيمەن، گەرچە ئاللاھ بىرەر ئىشنى يامان دەپ قارىسا، ئۇنى ئۆزگەرتىدۇ» دېگەن. بۇنىڭدىن ئۇنىڭ خەلىپىلىك ئورنىغا كېلىشىنى ئاللاھنىڭ ئىرادىسىگە باغلىغانلىقىنى كۆرۈۋالالايمىز.[19] دىنىنىڭ سىياسىي قورال سۈپىتىدە ئىشلىتىلىشىگە يول قويمىغان مەئبەد ئەل جۇھەنى (ۋاپات 83\207) مۇسۇلمانلارنىڭ ماللىرىنى بۇلاپ، قان تۆككەندىن كېيىن «بارلىق قىلمىشلىرىمىز، ئاللاھنىڭ تەقدىرى بىلەن بولغان» دېيىش ئارقىلىق قىلمىشلىرىنى ئاللاھقا ئارتىپ قويغان ھۆكۈمدارلارنى قاتتىق تەنقىد قىلغان.[20] بۇنىڭ نەتىجىسىدە ئىسلام تارىخىدىكى مۇھىم مەزھەپلەرنىڭ بىرى بولغان جەبرىييە ۋە ئۇنىڭ ئەكسى بولغان قەدەرىييە مەزھىپى بارلىققا

[19] Kadı Abdulcabbar, *Fazlü'i-İ'tizal ve Tabakatu'l-Mutezile* (tunus: Daru Tünisiyye, 1986), 11.

[20] Mustafa Öz, "Ma'bed el-Cühenî", *Türkiye Diyanet Vakfı İslam Ansiklopedisi* .

كەلگەن.

## 4. ئىقتىسادىي ۋە جۇغراپىيەلىك ئامىللار

دىنىي ۋە سىياسىي ئامىللاردىن باشقا ئىجتىمائىي سەۋەبلەرمۇ مەزھەپلەرنىڭ شەكىللىنىش جەريانىدا ئۇنۇملۇك رول ئوينىغان. ئىنسانلارنىڭ ئىجتىمائىي مەخلۇق ئىكەنلىكى، ئۇلارنىڭ مەھەللىلەردە ياشايدىغانلىقى ۋە ئۇلار ياشاۋاتقان جەمئىيەتنىڭ ئېتىقادى ۋە مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغانلىقى بىر رېئاللىق. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى: «ھەربىر بالا ئىسلامنى قوبۇل قىلىدىغان ھالىتىدە تۇغۇلىدۇ، ئاندىن ئاتا-ئانىسى ئۇنى يا يەھۇدىي ياكى خىرىستىيان ۋەياكى مەجۇسىي قىلىدۇ». (مۇسلىم، «تەقدىر»، 25) ھەدىسنى مۇشۇ نۇقتىدىن ئويلىنىش كېرەك. بۇ نۇقتىدىن ئېيتقاندا، مەزھەپلەرنىڭ پەيدا بولۇش جەريانىنى تەتقىق قىلغاندا، ئۇلارنىڭ قايسى مۇھىت ياكى جۇغراپىيەدە پەيدا بولغانلىقىنى تەكشۈرۈش كېرەك. جەمئىيەتنىڭ مائارىپ سەۋىيەسى شەخسلەر مەيلى كۆچمەن، يېرىم كۆچمەن ياكى ئولتۇراقلاشقان بولسۇن، دىنىنىڭ ئەسلى مەنبەسىنى چۈشىنىش ۋە ھېس قىلىش جەريانىغا تەسىر كۆرسىتىپ، ئوخشىماسلىقنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. بىز دەسلەپكى ئىسلام جەمئىيىتىدىكى ئىجتىمائىي پەرق ۋە ئۆزگىرىشنىڭ تىپىك مىسالىنى كۆرىمىز. بەدەۋىلىكتىن شەھەرلىشىشكە تېزلىكتە ئۆتكەن مۇسۇلمان ئەرەبلەر قائىدە-تۈزۈم ئومۇملاشقان دۆلەت قۇرۇلمىسىغا ئىگە جەمئىيەتكە ئۆزگەرگەندە، مۇھىم ئىجتىمائىي كرىزىسلارغا ئۇچرىدى ۋە خاۋارىجلارنىڭ ئىسيانلىرى قاتارلىق بىر قىسىم ئىجتىمائىي پارتلاشلارغا دۇچ كەلدى. ئەمەلىيەتتە دىن بىلەن جەمئىيەتنىڭ ئۆزئارا تەسىر قىلىشى قوش يۆنىلىشلىك. دىن جەمئىيەتنىڭ ئېتىقادى، مەدەنىيىتى ۋە تۇرمۇش ئۇسۇلىنىڭ شەكىللىنىشىدىكى ئاساسلىق ئامىل بولسىمۇ، ئەمما جەمئىيەتنىڭ تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈشى ۋە مەدەنىيىتىمۇ دىنىي ھۆكۈملەرنى چۈشىنىش ۋە چۈشەندۈرۈشتە ئۇنۇملۇك رول ئوينايدۇ. ئوخشىمىغان جەمئىيەت ياكى جۇغراپىيەلىك رايونلاردىكى مۇسۇلمانلارنىڭ تۇرمۇش ئۇسۇلىدىكى ئوخشىماسلىق بۇ ئەھۋالنى ئىسپاتلايدۇ.[21]

جەمئىيەت قۇرۇلمىسى بىلەن مەزھەپلەرنىڭ شەكىللىنىشى ئوتتۇرىسىدا قويۇق مۇناسىۋەت بار. مەزھەپلەرنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشى بىلەن شۇ جەمئىيەتنىڭ مەدەنىيلىك، نادانلىق، بايلىق، يوقسۇللۇق دېگەندەك ئەھۋالى

[21] Bulut, *Mezhep Neden Var ?*, 62.

ئوتتۇرىسىدا كۈچلۈك باغلىنىش بار. مۇرجىئە، مۇئتەزىلە، ھەتتا ئەھلى سۈننەت ئىدېئولوگىيەسى، مەدەنىيەت سەۋىيەسى يۇقىرى جەمئىيەتتە كەڭ تارقالغان بولۇپ، خاۋارىجلىق ۋە ۋاھابىيلىق چۈشەنچىسىنىڭ بەدەۋىيلەر ئارىسىدا كەڭ تارقالغانلىقى ئەمەلىي رېئاللىقنى چۈشىنىش جەھەتتە ناھايىتى مۇھىمدۇر.

يەنە بىر تەرەپتىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن كېيىن مۇسۇلمانلار جەمئىيىتىدە پەيدا بولغان بۆلۈنۈشنىڭ ھەقىقىي سەۋەبى ئىقتىسادىي مەنپەئەت ياكى ئىجتىمائىي ئادالەتسىزلىك دېيىشكە بولىدۇ. تۆۋەندە ئىقتىسادنى مەركەز قىلغان گۇرۇپپىلارنىڭ بىر مۇددەتتىن كېيىن جەمئىيەتتە رادىكاللىققا يول ئاچقانلىقىنى سۆزلەپ ئۆتىمىز:

(1) ھەزرىتى ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ دەۋرىدىكى غەنىيمەتلەرنىڭ كۆپلۈكى ئاددىي ۋە نامرات تۇرمۇشقا تەسىر كۆرسەتتى، مۇسۇلمانلارنىڭ پاراۋانلىق سەۋىيەسىنىڭ ئۆسۈشكە ئەگىشىپ، ئۇلارنىڭ دۇنيا ماللىرىغا بەرگەن قىممىتىمۇ ئاشتى. ئىقتىسادىي ساھەدىكى بۇ تەرەققىياتلار ئىسلام دۇنياسىدا، بولۇپمۇ مەككە، مەدىنە قاتارلىق مەركىزى شەھەرلەردە گۈللەنگەن ۋە شۇ كۈندىكى شارائىتتا ھەشەمەتلىك تۇرمۇشنىڭ بارلىققا كېلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان. بۇ ئەھۋال سائادەت دەۋرىدىكى كەمتەر تۇرمۇشقا كۆنگەن سەمىمىي مۇسۇلمانلارنى بىئارام قىلدى؛ ئالدىنى توسۇپ قالغىلى بولمايدىغان بۇ ئەھۋال ئۇلارنىڭ زاھىد ۋە ئابىد خاراكتېرلىك تۇرمۇش كەچۈرۈشكە سەۋەب بولدى. شۇنداق قىلىپ زاھىدلىق ۋە تەقۋادارلىق بىلەن باشلانغان بۇ ھەرىكەت ئىسلام ئەقىدىسىنىڭ مۇھىم تارماقلىرىنىڭ بىرى بولغان «سوپىزم» نىڭ شەكىللىنىشى ۋە يىلتىز تارتىشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى.

(2) ھەزرىتى ئوسمانغا بولغان قارشىلىقلارنىڭ ئاستىدا ماددىي مەنپەئەت ۋە ئىقتىسادىي سەۋەبلەرنىڭ بولغانلىقىنى كۆرەلەيمىز. «ئوسمان ئۇمەييە جەمەتىگە چوڭ پۇرسەت يارىتىپ بەردى، ئۇلارنى ئىدارىي ئىشلارغا قويدى، غەنىيمەتلەرنى ئۆزىنىڭ تۇغقانلىرىغا تارقىتىپ بەردى ۋە ئۇلارنىڭ ھەشەمەتلىك ياشىشىغا قارشى چىقمىدى» دېگەنگە ئوخشاش[22] تەنقىدلەرنىڭ ئارقىسىدىمۇ ئىقتىسادىي سەۋەبلەر بار ئىدى. كۇفە، بەسرە ۋە فۇستات (مىسىر) دىن كەلگەن قوزغىلاڭچىلار گۇرۇھىنىڭ ئاساسلىق مەقسىتى ۋالىيلاردىن ئاغرىنىش ۋە

[22] Muhammed b. Abdulkerim eş-Şehristânî, *el-Milel ve'n-Nihal* (Beyrut: Muessesetu risaletu naşirun, 2019), 22.

ئۇلارنى ئۆزگەرتىش ئىدى. ئۇلار قارشىلىقىنى «ئوسمانىنىڭ يېتەرلىك دىندار ئەمەس» ياكى «شەرىئەتنىڭ كونتروللۇقىنى يوقىتىۋاتىدۇ» دېگەندەك تۆھمەتلەر بىلەن باشلىغان ئىدى. ئۇلار ئوسمانىنىڭ ئاخىرقى ئالتە يىلىدا يۈز بەرگەن بىر قىسىم ئىدارىي ئاجىزلىقى، ۋالىيلارنىڭ ناچار پوزىتسىيەسى، بولۇپمۇ فەتىھنىڭ ئۈزۈلۈپ قېلىشى نەتىجىسىدە غەنىيمەت كىرىمىنىڭ تۆۋەنلىشى ۋە نەتىجىدە ئۇلارنىڭ ئىقتىسادىي قىيىنچىلىقلىرى ئۈستىدىن شىكايەت قىلغان. ھەمدە بۇ رامىكا ئىچىدە ئۇلار بىر قىسىم ۋالىي ۋە قوماندانلارنى ئالماشتۇرۇشنى تەلەپ قىلغان. چۈنكى ھەزرىتى ئۆمەر ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىلدە قۇرۇلغان بەسرە، كۇفە ۋە فۇستات قاتارلىق ھەربىي گارنىزون شەھەرلىرىدە ئولتۇراقلاشقان ئائىلىلەر دائىملىق مائاشى شۇنداقلا ئۇرۇش غەنىيمەتلىرىدىن تەڭ بەھرىمەن بولۇۋاتاتتى. ھەر خىل سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن فەتىھلەر ئازايغاندا ياكى غەنىيمەتلەر ئادىل تەقسىم قىلىنمىغاندا، قالايمىقانچىلىق يۈز بېرىپ، ئەھۋال ناچارلاشقان ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە ھەزرىتى ئوسمانغا ئەرز قىلىنىدى. ئۇ ۋالىيلارنى ئۆزگەرتمەسلىكتە چىڭ تۇرغاندا، ئۇنىڭ ئۆلتۈرۈلۈشىگە سەۋەب بولغان جەريان مۇشۇ ئۇسۇل بىلەن باشلاندى. شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، ئىقتىسادىي سەۋەبلەر مۇسۇلمانلار ئارىسىدا پەيدا بولغان بۇ تۇنجى مۇھىم ئىجتىمائىي ھەرىكەتنىڭ مەركىزىدە ئىدى.[23]

(3) ھەزرىتى ئەلىنىڭ دەمەشىق خەلقىگە قارشى مۇۋەپپەقىيەت قازىنالماسلىقىدىكى سەۋەبلەرنىڭ بىرىمۇ ئىقتىسادىي شارائىت ئىدى. ئۇ خەلىپە بولۇپ سايلانغاندىن باشلاپلا ئاشۇ كۆڭگىچە رەھبەرلىك قاتلىمىغا داخىل قىلىنمىغان ئەنسارنى، بولۇپمۇ جەمئىيەتنىڭ نامرات قاتلىمىنى ئالدى سەپكە قويغان بولغاچقا، قۇرەيشنىڭ ئاقسۆڭەكلىرى تەرىپىدىن چەتكە قېقىلدى. ئۇنىڭغا سادىق بولغان نۇرغۇن كىشىلەر، كېيىن دەمەشقتە بىرىپ مۇئاۋىيەنى قوللىدى. مۇئاۋىيە ۋالىي بولسىمۇ، ھاكىمىيەت كۈرىشىگە كىرىشكەن ۋاقىتلىرىدا، قۇرەيشنىڭ ئالدىنقى قاتاردىكى ئەربابلىرىنى ئۆزىگە جەلپ قىلىش ۋە ئۇلارنى ھەزرىتى ئەلىگە قارشى ئىشلىتىش ئۈچۈن، ماقام ۋە ئىقتىسادىي ئىمكانىيەتلەرنى ۋەدە قىلدى. مەككىدىكى باي ئائىلىلەر باشقا ئەرەبلەر بىلەن باراۋەر بولۇشنى قوبۇل قىلمىدى ۋە دەمەشق خەلقى بىلەن بىر تەرەپتە تۇرۇشنى تاللىدى. گەرچە ئەلىنىڭ يالغۇز قېلىشى ۋە قۇرەيشلەرنىڭ قوللىشىدىن چېكىنىشىدە

---

[23] W. Montgomery Watt, *İslam Düşüncesinin Teşekkül Devri*, çev. Ethem Ruhi Fığlalı (İzmir: İzmir İlahiyat Vakfı Yayınları, 2017), 11.

ئوخشىمىغان سەۋەبلەر بولسىمۇ، ئەمما ئىقتىسادىي تەرىپىنى نەزەردىن ساقىت قىلماسلىق كېرەك.

(4) ھەزرىتى ئوسمان شېھىت بولغاندىن كېيىن، ھەزرىتى ئەلىنى قوللىغان ۋە ئۇنىڭ خەلىپە بولۇشىغا شارائىت ھازىرلىغان گۇرۇھلار قۇرەيشلەردىن باشقا ئەرەب جامائەتلىرى ئىدى. ئۇلار خەلىپىلىك ھەققىدە بۈگۈنكى دېموكراتىيەگە يېقىن بولغان بىر كۆزقاراشنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئۇلارنىڭ «دۆلەت باشلىقى بولۇش ئۈچۈن ئىرق، ئائىلە ياكى نەسەب مۇھىم ئەمەس؛ ھەر قانداق بىلىملىك ، ئادىل ۋە سەممىي مۇسۇلمان دۆلەت باشلىقى بولالايدۇ» دېگەن سۆزى ئۇلارنىڭ دېموكراتىك بولغانلىقى ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى ئۇلار جاھىلىيە دەۋرىدە بولسۇن ۋە خەلىپىلەر دەۋرىدە بولسۇن ئۆكتىچى پوزىتسىيەسىدە قالغان، ھەمدە قۇرەيش ئالدىدا ئىككىنچى دەرىجىلىك پۇقرالار قاتارىدا مۇئامىلە قىلىنغان ئەرەپ قەبىلىلىرى بولۇپ، ھاكىمىيەتتىن تەڭ بەھرىمەن بولۇشى ئۈچۈن باشقا يول يوق ئىدى. ئۇلار بۇ خىل تەپەككۇر ۋە ھەركەتنىڭ قۇرەيشلەرنىڭ سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي ئەۋزەللىكى ئالدىدا ئۆزلىرىنى ئىجتىمائىي-ئىقتىسادىي ۋە سىياسىي ساھەدە چوڭ پۇرسەتلەرگە ئىگە قىلىدىغانلىقىنى بىلەتتى. بۇ سىياسىي پوزىتسىيە ئۇزۇن ئۆتمەيلا خاۋارىجلار دەپ ئاتىلىدىغان مۇسۇلمانلار جەمئىيىتىدە تۇنجى بولۇپ مەيدانغا كەلگەن مەزھەپ ھەرىكىتىگە ئايلاندى. گەرچە خاۋارىجلار سىياسىي تالاش-تارتىشلار نەتىجىسىدە بارلىققا كەلگەن بولسىمۇ، ئەمما ئۇلار ئۇزۇن ئۆتمەيلا ئۆزلىرىنىڭ ئېتىقاد ۋە فىقھى چۈشەنچىسىنى تەرەققىي قىلدۇردى.[24]

(5) مەدىنە رايونىدا ئىنسانلارنىڭ ئەركىنلىكىنى تەشەببۇس قىلىدىغان چۈشەنچىنىڭ بارلىققا كېلىشى شۇ دەۋرنىڭ شارائىتى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. ھەزرىتى ئەلىنىڭ ھەزرىتى فاتىمەدىن بولمىغان چوڭ ئوغلى مۇھەممەد ئىبنى ھەنەفىييە (ۋاپات تارىخى 81\700) دادىسى ۋە ئىنىلىرى ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن، مەدىنىدە ئىلىم-پەن ۋە مائارىپ بىلەن مەشغۇل بولۇپ ھاياتى ئوقۇغۇچىلارنى تەربىيەلەش بىلەن ئۆتكەن. ئۇ ئىنسانلارنىڭ ئەركىنلىكىنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويغان. ئۇنىڭ دەمەشق تەرپىدە «ئوتتۇرىغا قويۇلغان» جەبىر (ئىلاھىي تەقدىر) سۆزىگە قارشى ئىرادىگە ئەھمىيەت بېرىشى ئۇنىڭ ئېتىقادىلا ئەمەس، بەلكى بۇ دەۋرنىڭ

[24] Halil İbrahim Bulut, *İslam Mezhepleri Tarihi* (İstanbul: Ketebe Yayınları, 2022), 95–116.

سىياسىي ۋەزىيىتىنىڭ تەسىرى ئىدى. كېيىنچە مەئبەد ئەلجۇھەنى تەرىپىدىن تەرەققىي قىلدۇرۇلغان بۇ «قەدەر» چۈشەنچىسى مۇئتەزىلە تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنغان.[25]

(6) بۇ دەۋردە مۇرجىئە مەزھىپىنىڭ بارلىققا كېلىشى ۋە ئۇنىڭ قوللىغۇچىغا ئېرىشىشىدە ھەل قىلغۇچ رول ئوينىغان ئامىلىنىڭ يەنە ئىقتىسادىي ۋەزىيەت ئىكەنلىكىنى سۆزلەپ ئۆتۈشكە ئەرزىيدۇ. ئۇلارنىڭ ئاساسلىق ئېڭىنى «بارلىق مۇسۇلمانلار باراۋەردۇر» دېگەن جۈملىگە يىغىنچاقلاشقا بولىدۇ. ئۇلار مۆئمىنلەرنىڭ باراۋەرلىكىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئارقىلىق ئىسلام دۆلىتىنىڭ ئىمكانىيەتلىرى ۋە قانۇن ئالدىدا ئەرەبلەر بىلەن باراۋەر ھوقۇققا ئېرىشىش ئىكەنلىكىنى مەقسەت قىلغان. مەسىلەن، ئىككى جەڭچى جىھادقا قاتنىشىپ، ئوخشاش تىرىشچانلىق كۆرسەتسە، ئەرەبلەرنىڭ پارس ياكى تۈركلەرگە قارىغاندا غەنىيمەتتىن تېخىمۇ كۆپ ئۈلۈش ئېلىشى مەۋالى ئارىسىدا ئېغىر بىئاراملىق پەيدا قىلماقتا ئىدى. يەنە خوراسان ۋە ماۋەرائۇننەھىر تەرىپىدە ئۆزلىرىنىڭ مۇسۇلمان ئىكەنلىكىنى جاكارلىغانلىقىغا قارىماي، ئۇلاردىن جىزيە ئېلىنىشىنىڭ داۋام قىلىنىۋاتقانلىقىمۇ شۇنداق بىئاراملىق پەيدا قىلماقتا ئىدى.

### 5. ئىسلام سىرتىدىكى كۆلتۈر ۋە مەدەنىيەتلەرنىڭ تەسىرى

ئىسلام بارلىققا كەلگەن جەمئىيەتلەردە خىرىستىيان، يەھۇدىي ۋە بۇتپەرەسلىك مەدەنىيىتىنىڭ ئىزلىرى بار بولۇپ، ئۇ دىنلارنىڭ ھامىيلىقى مەلۇم جەمئىيەت تەرىپىدىن قوغدىلىپ كەلگەن. ئىسلام فەتىھ ھەرىكەتلىرى ئارقىلىق ئوخشىمىغان جۇغراپىيەلىك رايونلارغا يەتكەن ۋە ئەرەب يېرىم ئارىلىدىن ھالقىپ كەتكەنلىكتىن، مۇسۇلمانلار ساسانى، بىزانس، ھىندىستان، تۈرك ۋە خىتاي قاتارلىق دۇنيا مەدەنىيەتلىرى بىلەن ئۇچراشتى. ئاندىن بۇ كۆلتۈر ۋە مەدەنىيەتكە ئائىت كىشىلەرنىڭ مۇسۇلمان بولۇشى بىر-بىرىدىن تەسىرلىنىشنى كەلتۈرۈپ چىقاردى.

ئىسلام مەزھەپلىرىنىڭ تۇغۇلۇشىغا تەسىر كۆرسەتكەن ئەڭ مۇھىم مەدەنىيەت ئېلېمېنتى جاھىلىيەت دەۋرىدىكى ئەرەب مەدەنىيىتى ئىدى. دەسلەپكى مەزگىللەردە، ئىسلام دىنى ئەرەب مەدەنىيىتىدىكى ئىسلامغا زىت ئامىللارنى رەت قىلغان، ئىسلامغا زىت بولمىغانلارنى قوبۇل قىلغان. ئىسلام رەت قىلغان بەزى ئىش ھەرىكەتلەر بولسا

[25] Ali Sami-al Naşşar, *İslam'da felsefi düşüncenin doğuşu* (İstanbul: İnsan Yayınları, 1999), 325–328.

ۋاقىتتىنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ يەنە كۈچلىنىشىگە باشلىغان. مەسىلەن، قەبىلىۋازلىق ئىسلام رەت قىلىدىغان مەدەنىيەت ئىدى. مۇشۇنداق بولۇشىغا قارىماي، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن يۈز بەرگەن ۋەقەلەردە ئۆز تەسىرىنى يەنە بىر قېتىم ھېس قىلدۇرغان ئىدى. ھەزرىتى ئوسماننىڭ خەلىپە بولغىنىدىن كېيىن، قەبىلىۋازلىقنىڭ پۈتۈن كۈچى بىلەن قايتىدىن باش كۆتۈرگەنلىكىنى كۆرىمىز. خاۋارىجلىقنىڭ بارلىققا كېلىشىدىكى ئەڭ مۇھىم ئامىللارنىڭ بىرى بولغان «قۇرەيشنىڭ مەركىزىي رەھبەرلىك ئورگىنىغا ئايلىنىشىغا ئىنكاسى»[26] ئىدى. بۇ قەبىلە چۈشەنچىسىنىڭ بەدەۋى ھايات چۈشەنچىسىدىن شەھەرلىشىشكە ئۆتۈش باسقۇچىغا كۆنەلمەسلىكنىڭ بىر نامايەندىسى ئىدى.

دۇنيا تارىخىغا تەسىر كۆرسەتكەن كۈچلۈك كۈلتۈر ۋە مەدەنىيەتلەر دۆلەتلەرگە ئوخشاش يىمىرىلمەيدۇ ياكى پۈتۈنلەي يوقاپ كەتمەيدۇ. چۈنكى ھېچقانداق مەدەنىيەت پۈتۈنلەي ئۆلمەيدۇ، ئۇلار باشقا جۇغراپىيە ۋە مەدەنىيەتلەردە ئوخشىمىغان شەكىلدە قايتا پەيدا بولىدۇ.

فەتھىلەر نەتىجىسىدە ئىسلامنى قوبۇل قىلغانلار مۇشۇنداق كۈچلۈك كۈلتۈر ۋە مەدەنىيەت ئويمانلىقىدىن كەلگەنلىكى ئۈچۈن، ئۇلار ئۆز مەدەنىيىتى ۋە كۈلتۈرىدىن پۈتۈنلەي يۈز ئۆرۈپ كەتمىدى، بەلكى ئۇلارنى ئىسلامنىڭ يېتەكچىلىكىدە ياكى ئۇلارنى ئۆزئارا ياراشتۇرۇش ئارقىلىق داۋاملاشتۇردى. يەنە بىر جەھەتتىن بۇ كىشىلەرنىڭ ئىلگىرىكى مەدەنىيەت ئېڭى بولسا ئۇلارنىڭ يېڭى دىنىي چۈشىنىش، چۈشەندۈرۈش ۋە ياشاشتا ئۈنۈملۈك رول ئالغان بولۇپ، ئوخشىمىغان دىنىي چۈشەنچىلەرنىڭ بارلىققا كېلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. تۈرك مەدەنىيىتىنىڭ ئەلەۋىيلىك-بەكتاشىلىق ۋە سۈننىي مەزھىپىگە كۆرسەتكەن تەسىرى بۇنىڭ تىپىك مىسالى. بۇنىڭدىن باشقا، ئىران ۋە ھىندىستان مەدەنىيىتى ئىسمائىلىيلىك، قادىيانىيلىك ۋە باھائىيلىققا ئوخشىغان مەزھەپلەرگە تەسىر كۆرسەتكەن.[27]

ئىسلام دەسلەپتە پەيدا بولغان ۋە تارقالغان جۇغراپىيەدە ئەرەب، رىم، مىسىر ۋە ساسانىي مەدەنىيىتى ۋە يەھۇدىي، خرىستىيان، زەردۇشت، مانىي دىنى ياكى ئۇلارنىڭ مەزھەپلىرى قاتارلىق ئاساسلىق دىنلارنىڭ كۈچلۈك تەسىرى بار ئىدى. ئىراق ساسانىيلارنىڭ

[26] Ethem Ruhi Fığlalı, “İlk Şii Olayları”, *Ankara Üniversitesi İlahiyat Fakültesi Dergisi* 26/1-4 (1983), 56.

[27] Sönmez Kutlu, *Mezhepler Tarihine Giriş* (İstanbul: Değerler Eğitim Merkezi Yayınları, 2019), 50.

تەسىرىدە، دەمەشق بولسا بىزانسىيە ئىمپېراتورلۇقىنىڭ تەسىرىدە ئىدى. ئەپلاتونچىلىق ئىسكەندەرىيەدە (مىسىر)، يۇنان پەلسەپىسى بولسا ھارراندا ئوقۇتۇلاتتى.[28]

ساسانىي ۋە رىم دۆلەتلىرى ئەرەب يېرىم ئارىلىدا ئىككى رىقابەتچى سىياسىي كۈچنى تەشكىل قىلاتتى. بۇ ھۆكۈمران كۈلتۈر ۋە مەدەنىيەتلەرنىڭ ئىسلام بىلەن ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەش ۋە رىقابەت داۋاملىق بولۇپ كەلگەن. بۇ سەۋەبلەرنىڭ ھەممىسى ئۇ كىشىلەرنىڭ ئىسلامنى باشقىچە چۈشىنىش ۋە ھېس قىلىشىدا مۇھىم رول ئوينىدى. ئوخشاش بولمىغان مەدەنىيەتتىكى كىشىلەر بىر يەرگە جەم بولۇپ ياشايدىغان مۇھىتتا يېڭى ئىدېئولوگىيە، پەيلاسوپلار ۋە ئىجتىمائىي ھەرىكەتلەرنىڭ تۇغۇلۇشى ۋە تەرەققىي قىلىشى ئاللىقاچان جەمئىيەتشۇناسلىق جەھەتتىن ئىسپاتلانغان بىر ئەھۋالدۇر. شۇڭا يىلتىزى تارىخقا سوزۇلغان مەدەنىيەت ۋە تارىخى قۇرۇلمىلار كېيىنكى ئەۋلادلارنىڭ قۇرئاننى باشقىچە چۈشىنىشى ۋە چۈشەندۈرۈشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى.[29]

ھىجرىيە ئىككىنچى ئەسىردە تارىخ سەھنىسىدە بارلىققا كەلگەن شىئەلەردە ساسانىيلار مەدەنىيىتى ۋە پارس مەدەنىيىتىنىڭ ئىزلىرى بار ئىدى. شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، شىئەلەرنىڭ ئىمامەت نەزەرىيەسىنىڭ ئاساسى «ئىمامنىڭ ئىلاھلىقى» غا چوقۇنۇشتۇر. بۇ مەدەنىيەتتە مەۋجۇت بولغان جەزبىدار رەھبەر ئۇقۇمى، ئەلى ۋە ئۇنىڭ نەسەبىدىكى ئىماملارنىڭ خاتادىن خالى، نۇقسانسىز ۋە بىگۇناھ كىشىلەر دەپ قارىلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان. شىئەلەردىكى «ئۆزىنى جازالاش» مۇراسىمىنى خرىستىيان مەدەنىيىتى بىلەن باغلاپ چۈشىنىشكە بولۇشى مۇمكىن. يەنە بىر تەرەپتىن شىئە ۋە سۈننىي مەزھىپىدە ئۆزىنى نامايان قىلىدىغان مەسىھ-مەھدى ئەقىدىسىنى يەھۇدىي ۋە خرىستىيان دىنىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغانلىقتىن شەكىللەنگەن دېيىش خاتا ئەمەس. چۈنكى، قۇرئاننىڭ بىكتىكەن ئىمان ئاساسلىرىنىڭ ئىچىدە «مەسىھ-مەھدى»گە ئىتىقاد قىلىش يوقتۇر.[30]

[28] Yaşar Kutluay, *İslam ve Yahudi mezhepleri* (İstanbul: Pınar Yayınları, 2019), 28–35.

[29] Kutlu, *Mezhepler Tarihine Giriş*, 52.

[30] Kutlu, *Mezhepler Tarihine Giriş*, 52.

## پايدىلانغان ماتېرىياللار

قۇرئان كەرىم ئۇيغۇرچە تەرجىمىسى. مۇھەممەد يۇسۇپ مۇھەممەد تۇرسۇن. ئىسلامى ئەسەرلەر نەشرىياتى.

Alim, Zikrullah (ed.). 7. Uluslararası Öğrenci Sempozyumu: İslam'ın Orta Asya'da Yayılma Süreci: Uygur Türkleri Örneği. Uluslararası Öğrenci Dernekleri Federasyonu, 2022.

Bulut, Halil İbrahim. İslam Mezhepleri Tarihi. İstanbul: Ketebe Yayınları, 2022.

Bulut, Halil İbrahim. İslam Tevhid Diniyse Bu kadar Mezhep Neden Var ? İstanbul: Beyan Yayınları, 2024.

eş-Şehristânî, Muhammed b. Abdulkerim. el-Milel ve'n-Nihal. Beyrut: Muessesetu risaletu naşirun, 2019.

Ethem Ruhi Fığlalı. "İlk Şii Olayları". Ankara Üniversitesi İlahiyat Fakültesi Dergisi 26/1-4 (1983), 335–352. https://dergipark.org.tr/tr/pub/auifd/issue/71592/1151626

İbn Hazm, Ebu Muhammed b. Ali ez-Zahiri. el-Fasl: Dinler ve Mezhepler Tarihi. çev. Halil İbarim Bulut. İstanbul: Türkiye Yazma Eserler Kurumu Başkanlığı, 2017.

Kadı Abdulcabbar. Fazlü'i-İ'tizal ve Tabakatu'l-Mutezile. tunus: Daru Tünisiyye, 1986.

Kadir Gömbeyaz. Bir Müslüman Mezhepler, Tarikatlar ve Cemaatler'e Nasıl Bakmalı? İstanbul: Beyan Yayınları, 2021.

Kandemir, M. Yaşar. "Muâz b. Cebel". Türkiye Diyanet Vakfı İslam Ansiklopedisi. https://islamansiklopedisi.org.tr/muaz-b-cebel

Kutlu, Sönmez. Mezhepler Tarihine Giriş. İstanbul: Değerler Eğitim Merkezi Yayınları, 2019.

Kutluay, Yaşar. İslam ve Yahudi mezhepleri. İstanbul: Pınar Yayınları, 2019.

Mustafa Öz. "Ma'bed el-Cühenî". Türkiye Diyanet Vakfı İslam Ansiklopedisi. https://islamansiklopedisi.org.tr/mabed-el-cuheni

Naşşar, Ali Sami-al. İslam'da felsefi düşüncenin doğuşu. İstanbul: İnsan Yayınları, 1. Basım, 1999.

Salim b. Zekvân. es-Sîre: Bir Hâricî/İbâdî Klasiği. Ankara: Ankara Okulu Yayınları, 2017.

Sarıkaya, Mehmet Saffet. İslam Düşünce Tarihinde Mezhepler. İstanbul: Rağbet Yayınları, 2015.

Watt, W. Montgomery. İslam Düşüncesinin Teşekkül Devri. çev. Ethem Ruhi Fığlalı. 5 Cilt. İzmir: İzmir İlahiyat Vakfı Yayınları, 2017.



# ئەھلى سۈننەت مۇسۇلمانلىرى ئارىسىدىكى فىقھىي مەزھەپلەر

ئۇستاز مۇھەممەد يۈسۈپ

مەزھەپ – لۇغەت ئېتىبارى بىلەن بارىدىغان جاي دېگەن مەنىنى ئىپادىلىسە، ئىستىلاھىدا، دىنىي مەسىلىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئەھكاملار دېگەنلىك بولۇپ، مۇجتەھىدلارنىڭ دىنىي ماۋزۇلاردىكى پەرقلىق چۈشەنچىلىرىدىن ھاسىل بولغان جامائەتلىشىشنى ئىپادىلەيدۇ.

تېخىمۇ ئوچۇقراق قىلىپ ئېيتقاندا، مەزھەپ – ئىسلام دىنىدىكى پىكىر ئەركىنلىكىدىن پايدىلانغان مۇجتەھىد ئالىملارنىڭ قۇرئاندا ياكى سۈننەتتە بولمىغان ماۋزۇلاردا مۇسۇلمانلار دۇچ كەلگەن مۇشكىلىلەرنى قۇرئان ۋە سۈننەتنىڭ روھىغا تايىنىپ ھەل قىلىشى بىلەن مۇسۇلمانلار تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنىپ ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئومۇملاشقان پىكىر ۋە تەتبىقلاردىن مەيدانغا كەلگەن جامائەتلىشىش دېگەنلىكتۇر.

## مەزھەپنىڭ پەيدا بولۇشى ۋە ئۇنىڭ سەۋەبى

مەزھەپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن، ساھابىلەرنىڭ زامانىدىلا پەيدا بولۇشقا باشلىغان.

ئىسلام دىنىدا مەزھەپلەرنىڭ كۆپ بولۇشىغا تۈرتكە بولغان سەۋەبلەر تۆۋەندىكىچە:

1. ئەرەب تىلىدىكى سۆزلەرنىڭ كۆپ مەنىلەرگە دالالەت قىلىشى. بۇ سۆزنىڭ مۇجمەللىكى ياكى ئومۇم ۋە خاسلىق ئۇتتۇرىسىدا ئىپادىلىنىشى ياكى ھەقىقىي مەنىسى بىلەن مەجازىي (باشقا بىر مەنە ئۇتتۇرىسىدا ئىپادىلىنىشى ۋە باشقىلاردۇر. مەسىلەن: ئەرەب تىلىدىكى « قۇ ر ۇ ئ » سۆ ز ىنىڭ ئايالالارنىڭ ھەيز كۆرۈشىنى ئىپادىلىگىنىدەك، ئۇلارنىڭ ھەيزدىن پاكلانغانلىقىنىمۇ ئىپادىلىگىنىگە، «ئەمر» سۆزىنىڭ پەرزنى ئىپادىلىگىنىدەك، ۋاجىب ياكى مۇستەھەب(ياخشى كۆرۈلگەن ئىش)نى ئىپادىلىگىنىگە، «نەھيى» سۆزىنىڭ ھارامنى ئىپادىلىگىنىدەك، مەكرۇھنىمۇ ئىپادىلىگىنىگە ئوخشاش.

قۇرئان كەرىمدىكى: «دىندا زورلاش يوق»[1] دېگەن ئايەتنىڭ مەنىسى «كىشىلەرنى دىنغا كىرىشكە زورلىماڭلار» دېگەن مەنىدىكى چەكلەشنى ئىپادىلەمدۇ؟ ياكى «كىشىلەرنى دىنغا كىرىشكە زورلىمىدۇق» دېگەن مەنىدىكى ئەمەلىي ئەھۋالدىن خەۋەر بېرىشنىمۇ؟ ئىسلام ئۆلىمالىرى بۇنىڭغا ئوخشاش ئايەتلەرنىڭ ھەقىقىي دالالىتى ۋە مەقسەت قىلىنغان مەنىسىنى چۈشىنىشتە بىر خىل بولمىغانلىقتىن مەزھەپلەر كېلىپ چىققان. ھەتتا ساھابىلەرنىڭمۇ چۈشىنىشى بىر خىل بولمىغان.

2. ھەدىسلەرنىڭ ئوخشاش بولماسلىقى. بۇ مۇنداق:

① بەزى ھەدىسلەر بەزى ئۆلىمالارغا يېتىپ بارغان بولسىمۇ، باشقىلىرىغا يېتىپ بارالمىغانلىقى. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ساھابىلىرى ئىسلام دىنىنى پۈتۈن دۇنيا ئىنسانلىرىغا يەتكۈزۈش يولىدا، يۇرتلىرىدىن ئايرىلىپ قىتئەلەرگە تارقاپ كەتكەنلىكتىن، ئۇلاردىن ھەربىرى كىشىلەرگە ئۆزىنىڭ بىلگەن ۋە ئاڭلىغانلىرىنىلا يەتكۈزەتتى.

② ئۆلىمالاردىن بىرەرسىگە ھەدىس يېتىپ كەلگەن بولسىمۇ، ئۇنىڭ ئىشەنچىسىز يول بىلەن يېتىپ كەلگەنلىكىدىن ئۇنىڭغا ئەھمىيەت بەرمىگەنلىكى ۋە باشقا بىرىگە شۇ ھەدىس ئىشەنچلىك يول بىلەن يېتىپ كېلىپ ئۇنىڭغا كۆرە ئىش كۆرگەنلىكى.

③ ئۆلىمالاردىن بىرەرسىگە ھەدىس ئىشەنچلىك يول بىلەن يېتىپ كەلگەن بولسىمۇ، ئۇنىڭ ھەدىسلەرگە مۇئامىلە قىلىش ئۈچۈن بەلگىلىگەن شەرتلىرىگە توغرا كەلمىگەنلىكى. مەسىلەن: ئىمام ئەزەم مەيدانغا چىققان ۋاقىتتىكى ئىراقتا يالغان ھەدىسلەرنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ نامىدىن ئويدۇرۇپ چىقىش دولقۇنى ئەۋجىگە چىققان ئىدى. شۇڭا ئىمام ئەزەم ھەدىسنى قوبۇل قىلىشتا شەرتنى بەكمۇ ئېغىر ۋە چىڭ قويغان. ئەمما مەدىنىدە ئەھۋال بۇنىڭ ئەكسىچە بولۇپ، مەدىنە خەلقىنىڭ ئىمامى ئەھمەد ئىبنى ھەنبەل ھەدىسنى قوبۇل قىلىشتا شەرتلەرنى ئېغىر قويمىغان.

## فىقھى ئىلمى ۋە ئۇنىڭ كېلىپ چىقىشى

فىقھە - لۇغەتتە چۈشىنىش ۋە بىلىش دېگەنلىك بولۇپ، ئۇنىڭ شەرىئەت ئىستىلاھىدىكى مەنىسى - شەرىئەت دەلىللىرى ئارقىلىق شەرىئەتنىڭ تەپسىلىي ئەھكاملىرىنى بىلىش دېگەنلىكتۇر.

### فىقھى ئىلمىنىڭ مەيدانغا كېلىشى ۋە رەتلىنىشى

فىقھى ئىلمى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھايات ۋاقتىدىلا تەدرىجى ھالدا يىلتىز تارتىشقا

[1] () بەقەرە سۈرىسى 256ـ ئايەت.

باشلىغان. كېيىنچە ساھابىلەرنىڭ دەۋرىدە فىقھى ئىلمى رەسمىي تۈردە قانات يايغان.

فىقھى ئىلمى ئاباسىيلار خەلىپىلىكى دەۋرىدە رەسمىي تۈردە رەتلىنىپ توپلىنىشقا باشلىغان. بۇ دەۋر فىقھى مەزھەپلىرىنىڭ كۆپلەپ مەيدانغا چىققان دەۋرى ئىدى.

فىقھى ئىلمىنىڭ كېلىپ چىقىشىغا تۈرتكە بولغان سەۋەب

فىقھى ئىلمىنىڭ كېلىپ چىقىشىغا تۈرتكە بولغان ئاساسلىق سەۋەب كىشىلەرنىڭ قۇرئان ياكى ھەدىسلەردە ھۆكۈمى بولمىغان يېڭىدىن مەيدانغا چىقىپ تۇرغان مەسىلىلەر ھەققىدە شەرئەت ئەھكاملىرىنى بىلىشكە بولغان زور ئېھتىيا جىدۇر.

فىقھى ئىلمىنىڭ ماۋزۇسى ياكى مەيدانى شەرئەت تەكلىپلىرىنى ئورۇنداشقا سالاھىيەتلىك بولغان كىشىلەرنىڭ ئىشلىرى دائىرىسىدە بولىدۇ. مەيلى نامازغا ئوخشاش قىلىشقا بۇيرۇلغان ئىش بولسۇن، مەيلى ئوغرىلىققا ئوخشاش تەرك ئېتىش تەلەب قىلىنغان ئىش بولسۇن، مەيلى يېيىش ۋە ئىچىشكە ئوخشاش ئىختىيارى ئىش بولسۇن، ئىسلام فىقھى بۇ ئىشلارنىڭ ئەھكاملىرىنىڭ ھەممىسىنى سىستېمىلىك ھالدا، ئوچۇق ۋە تەپسىلى بايان قىلىپ بېرىدۇ.

## مەشھۇر تۆت مەزھەپ

ئەھلى سۈننە مۇسۇلمانلىرى ئارىسىدا دەۋر سۈرۈۋاتقان فىقھى مەزھەپلەر تۆۋەندىكىلەر:

(1) ھەنەفىي مەزھىپى
(2) مالىكىي مەزھىپى
(3) شافىئىي مەزھىپى
(4) ھەنبەلىي مەزھىپى

ھەنەفىي مەزھىپى

ھەنەفىي مەزھىپى - ئەھلى سۈننە مەزھىپىگە مەنسۇب بولغان مۇسۇلمانلار ئارىسىدا بىردەك ئېتىراپ قىلىنىپ قوبۇل قىلىنغان مەشھۇر 4 مەزھەپنىڭ بىرىنچىسىدۇر. ھەنەفىي مەزھىپىنىڭ پېشىۋاسى ۋە قۇرغۇچىسى ئىمام ئەزەم (ئەڭ چوڭ ئىمام)نىڭ تولۇق ئىسمى – سابىت ئوغلى نۇئمان بولۇپ، ھىجرىيەنىڭ 80-يىلى (699م) ھازىرقى ئىراقنىڭ كۇفە شەھىرىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇ ئەمەۋىلەر بىلەن ئاباسىيلاردىن ئىبارەت ئىككى چوڭ خەلىپىلىك زامانىدا ياشىغان، كاتتا مۇجتەھىد ئالىم. ئىمام ئەزەم تەقۋالىقى ۋە ھوشيارلىقى بىلەن داڭق چىقارغان كىشى بولۇپ، تىجارەت ئىشلىرىدىمۇ راستچىللىقى ۋە توغرىلىقى بىلەن تونۇلغان زات ئىدى.

ئىمام ئەزەم ئۇستازى ھەممادنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن، مەسجىدتىكى تالىبلارنى ئوقۇتۇش ۋەزىپىسىنى ئۆز ئۈستىگە ئالغان. ئۇ تالىبلارغا ئىنتايىن مېھرىبان ۋە كۆيۈمچان

ئىدى. ھەتتا ئىمام ئەبۇ يۇسۇپكە ئوخشىغان بەزى كەمبەغەل تالىپلارنىڭ مەئىشەت يولىدىكى پۈتۈن چىقىملىرىنى ئۆزى كۆتۈرۈپ ئۇلارنى ئوقۇش بىلەنلا شۇغۇللىنىشقا ئۈندەيتتى.

ئىمام ئەزەم تالىپلارنى ئوقۇتۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا تىجارەت ئىشىنىمۇ ئاقسىتىمىغان بولۇپ، كۇفە شەھىرى مەركىزىدە خام ۋە يىپەك ساتىدىغان دۇكىنى بار ئىدى. ئۇنى ئۆزىنىڭ شېرىكى ماشىدۇرۇپ پايدىسىدىن ئۇنىمۇ نېسىۋىدار قىلاتتىكەن. ئىمام ئەزەمنىڭ كۆپلىگەن ئەسەرلىرى بولۇپ، ئەڭ مەشھۇرلىرى «ئەل فىقھۇل ئەكبەر»، «ئەل مەخارىج فى ئەلفىقھە» دېگەن كىتابلىرىدۇر.

ئىمام ئەزەم ھىجرىيەنىڭ 150- يىلى (767- يىلى 14- ئىيۇن كۈنى) 70 يېشىدا باغداد شەھرىدە ئالەمدىن ئۆتكەن بولۇپ، باغداد شەھىرىنىڭ ئەئزەمىيە رايونى، دىجلە دەرياسىنىڭ شەرقىدىكى خىرزان قەبرىستانلىقىغا دەپنە قىلىنىغان.

### ئىمام ئەزەمنىڭ ئىسلام فىقھشۇناسلىقىدىكى مەرتىۋىسى

ئىمام ئەزەم ئىسلام فىقھشۇناسلىقىنىڭ ئاساسچىسى ۋە دۇنيادىكى مەشھۇر تۆت مەزھەپنىڭ پېشىۋاسىدۇر.

ئىمام شافىئىينىڭ ئۇستازى ۋەكىئ ئىبنى جەرراھ ئىمام ئەزەمنى تەرىپلەپ مۇنداق دېگەن: «ئىمام ئەزەمدىن ئالىمراق ۋە ئۇنىڭدەك ياخشى ناماز ئوقۇيدىغان بىرىنى كۆرگىنىم يوق»[2].

ئىمام شافىئىي ئىمام ئەزەمنىڭ ئىلمىي مەرتىۋىسىنى بايان قىلىپ: «فىقھى ئىلمىدا ھەممىمىز ئىمام ئەزەمگە موھتاجمىز»[3] دېگەن ئىكەن.

ئاتاقلىق تىلشۇناس ۋە فىقھشۇناس ئالىم نەزر ئىبنى شەمىل مۇنداق دېگەن ئىكەن: «كىشىلەر ھەممىسى ئۇيقۇدا ئىدى، ئىمام ئەزەم ئۆزىنىڭ ماھارىتى بىلەن ئۇلارنى ئويغاتتى»[4].

ئاتاقلىق فىقھشۇناس ئالىم ئىبنى مۇبارەك مۇنداق دېگەن: «فىقھى ئىلمىدە ئىمام ئەزەمدەك كامالىغا يەتكەن بىرىنى كۆرمىدىم، تەقۋادارلىقتىمۇ ئۇنىڭدەك بىرىنى كۆرمىدىم»[5].

### ھەنەفىي مەزھىپىنىڭ فىقھىي مەسىلىلىرىنى توپلىغانلار

ھەنەفىي مەزھىپىنىڭ فىقھىي مەسىلىلىرىنى ئىمام ئەزەمنىڭ شاگىرتلىرىدىن 40 تىن كۆپرەك ئالىم يىزىپ قالدۇرغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ مەشھۇرلىرى تۆۋەندىكى ئۈچ كىشىدۇر:

(1) ئىمام ئەبۇ يۇسۇپ، تولۇق

[2] باغدادنىڭ تارىخى 13 ـ توم 345 ـ بەت.
[3] باغدادنىڭ تارىخى 3 ـ توم 323 ـ بەت.
[4] تەھزىب ئەل تەھزىب 5 ـ بەت 604 ـ بەت.
[5] تەرتىب ئەل مەدارىك 3 ـ توم 300 ـ بەت.

ئىسمى - ئىبراھىم ئوغلى ياقۇب ئەل ئەنسارى ھىجرىيەنىڭ 113-يىلى (731م) كۇفە شەھىرىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇ كىچىكىدىن دىنىي ئىلىملەرگە قاتتىق قىزىقىش بىلەن يۈزلىنىپ، ئىمام ئەزەمنىڭ قولىدا 17 يىل مۇنتىزىم ئوقۇپ يېتىشكەن مۇجتەھىد ئالىم. ئاباسسىيلار خەلىپىلىرىدىن خەلىپە مەھدىنىڭ زامانىدا باغداتتا تارىختا بىرىنچى قېتىم قازىلىق مەنسىپى ۋە قازى ئاتالغۇسى بارلىققا كېلىپ، ئىمام ئەبۇ يۇسۇپ ئىسلام تارىخىدا تۇنجى قېتىم قازىلىق ۋەزىپىسىنى قىلغان كىشى بولۇپ تارىخقا قەيت قىلىنىدۇ. كېيىنچە دۇنياغا مەشھۇر خەلىپە ھارۇن ئەل رەشىدنىڭ زامانىدا ئۇنىڭ مەنسىپى تېخىمۇ ئۈستۈرۈلۈپ قازى قۇزات (قازىلارنىڭ قازىسى) بولۇپ تەيىنلەنگەن.

ئىمام ئەبۇ يۇسۇپنىڭ قازىلىق دەۋرى ھەنەفىي مەزھىپىنىڭ گۈللىنىشى ۋە كەڭ تارقىلىشى ئۈچۈن ئالاھىدە خىزمەت قىلغان. ئىمام ئەبۇ يۇسۇپ ئىمام ئەزەمنىڭ بىرىنچى شاگىرتى بولۇپ، كاتتا ئۆلىما ئىدى، نۇرغۇنلىغان كىتابلارنى يېزىپ قالدۇرغان، تۇنجى بولۇپ ئۇسۇلى فىقھى (قانۇنشۇناسلىق پرىنسىپى)نى ئىجاد قىلغان كىشىدۇر. ئۇ ھىجرىيەنىڭ 182-يىلى (799م 21- ئاپرېل كۈنى)، 69 يېشىدا باغداتتا ئالەمدىن ئۆتكەن، جىنازا نامىزىنى مەشھۇر ئاباسسىيلار خەلىپىسى ھارۇن رەشىد ئۆزى ئوقۇغان.

(2) ئىمام مۇھەممەد، تولۇق ئىسمى ھەسەن ئوغلى مۇھەممەد ئەل شەيبانىي بولۇپ، ھىجرىيەنىڭ 132-يىلى (749م) ئىراقتا دۇنياغا كەلگەن. ئىمام مۇھەممەد ئىلىمدە كامال تاپقان مۇجتەھىد ئالىملاردىن بولۇپ، ئىمام ئەبۇ يۇسۇفتىن قېلىشمايتتى. ئۇ شۇ زاماننىڭ ئەڭ مەشھۇر ئۆلىمالىرىدىن ئىدى. ئۇ ئىمام ئەزەمنىڭ ئىككىنچى شاگىرتى بولۇپ، ئىمام ئەزەمنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن ئىمام ئەبۇ يۇسۇپتە ئوقۇغان. ھىجرىيەنىڭ187-يىلى (803م) ئالەمدىن ئۆتكەن.

(3) ئىمام زۇفەر ئەلھۇزەيل ھىجرىيەنىڭ 108-يىلى (727م) ھازىرقى ئىراقنىڭ كۇفە شەھىرىدە دۇنياغا كەلگەن. ھەنەفىي مەزھىپىدىكى كاتتا مۇجتەھىدلاردىن بولۇپ، ئىمام ئەزەمنىڭ ئالاھىدە ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولغان، خىلى كۆپ مەسىلىلەرنى يېشىپ چىقارغان كىشىدۇر. ئىمام زۇفەر ھىجرىيەنىڭ 157-يىلى (774م) تەخمىنەن 47 ياشلار ئەتراپىدا ئالەمدىن ئۆتكەن. ھەنەفىي مەزھىپىدە مۇھىم مەسىلىلەردىن 17 مەسىلىدە ئىمام زۇفەرنىڭ رەيى بويىچە ئىش كۆرۈلۈپ كەلمەكتە[6].

### مالىكىي مەزھىپى

مالىكىي مەزھىپى- ئەھلى

[6] «ئىسلام فىقھىغا كىرىش» ناملىق ئەسەردىن.

سۈننە مەزھىپىگە مەنسۇپ بولغان مۇسۇلمانلار ئارىسىدا بىردەك ئېتىراپ قىلىنىپ قوبۇل قىلىنغان مەشھۇر تۆت مەزھەپنىڭ ئىككىنچىسىدۇر. مالىكىي مەزھىپىنىڭ قۇرغۇچىسى ئىمام مالىك بولۇپ، تولۇق ئىسمى مالىك ئىبنى ئەنەس ئىبنى مالىكتۇر.

ئىمام مالىك ھىجرىيەنىڭ93-يىلى (715م) مەدىنە مۇنەۋۋەرە شەھىرىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇ ھەدىسشۇناسلىق ۋە فىقھشۇناسلىقتا كامالەتكە يەتكەن مۇجتەھىد ئالىم بولۇپ، كۆپلىگەن دىنىي ئەسەرلەرنى يازغان. ئەڭ مەشھۇر ئەسىرى «ئەل مۇۋەتتە» دۇر. ئىمام مالىك ھىجرىيەنىڭ 179-يىلى (795م) مەدىنە مۇنەۋۋەرە شەھىرىدە 84 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتكەن.

مالىكىي مەزھىپى مەدىنە مۇنەۋۋەرە شەھىرىدە مەيدانغا كېلىپ ھىجاز (مەككە، مەدىنە ۋە بۇلارنىڭ ئەتراپىدىكى جايلار)، مىسىر، ئافرىقا دۆلەتلىرى، ماراكەش، ئەندەلۇس(ئىسپانىيە) قاتارلىق رايونلارغىچە بېرىپ يەتكەن. ھازىرقى زاماندا مالىكىي مەزھىپىنىڭ ئەڭ نوپۇزلۇق رايونلىرى ئافرىقا دۆلەتلىرى، ماراكەش، تۇنىس، ئالجىرىيە، لىبىيە، سۇدان قاتارلىق دۆلەتلەر بولۇپ، ئىراق، ھىجاز، پەلەستىن ۋە سۈرىيەلەردىمۇ ئاز ساندا تېپىلىدۇ.

شافىئىي مەزھىپى

شافىئىي مەزھىپى- ئەھلى

سۈننە مەزھىپىگە مەنسۇپ بولغان مۇسۇلمانلار ئارىسىدا بىردەك ئېتىراپ قىلىنىپ قوبۇل قىلىنغان مەشھۇر تۆت مەزھەپنىڭ ئۈچىنچىسىدۇر. شافىئىي مەزھىپىنىڭ قۇرغۇچىسى ئىمام شافىئىي بولۇپ، تولۇق ئىسمى ئەبۇ ئابدۇللاھ مۇھەممەد ئىبنى ئىدرىس ئەل شافىئىيدۇر.

ئىمام شافىئىي ھىجرىيەنىڭ 150-يىلى (767م) ھازىرقى پەلەستىننىڭ غەززە رايونىدا دۇنياغا كەلگەن ۋە ئىككى يېشىدا ئاتىسى بىلەن مەككىگە كەلگەن. كېيىنچە ئىمام مالىكتا فىقھى ۋە ھەدىس ئىلىملىرىنى ئوقۇغان. ئەرەب تىلى، ئەرەب ئەدەبىياتى، قۇرئان، ھەدىس ۋە فىقھى ئىلىملىرىدە كامالەتكە يەتكەن ئىمام شافىئىي ھاياتىدا نۇرغۇنلىغان قىممەتلىك دىنىي ئەسەرلەرنى ۋە شېئىرلارنى يېزىپ قالدۇرغان مۇجتەھىد ئالىمدۇر. ئۇ يەنە ئىراققا بېرىپ ئىمام ئەزەمنىڭ شاگىرتلىرىدا فىقھى ئىلىملەرنى ئۆگەنگەن. كېيىنچە مىسىرغا ھىجرەت قىلغان ۋە ھىجرىيەنىڭ202-يىلى (819م) مىسىردا ۋاپات بولغان.

ئىمام شافىئىينىڭ «كونا» ۋە «يېڭى» ئىككى مەزھىپى بولۇپ، ئىراقتىكى ۋاقتىدا كونا مەزھىپى، مىسىرغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن يېڭى مەزھىپى ئوتتۇرىغا چىققان.

شافىئىي مەزھىپى ھازىر مىسىر، پەلەستىن، كۇردلار ياشايدىغان رايونلار، ئىران، ھىندونېزىيە،

پاكىستان ۋە لىۋان قاتارلىق جايلاردا ئورۇن ئالماقتا.

### هەنبەلىي مەزھىپى

هەنبەلىي مەزھىپى - ئەھلى سۈننە مەزھىپىگە مەنسۇپ بولغان مۇسۇلمانلار ئارىسىدا بىردەك ئېتىراپ قىلىنىپ قوبۇل قىلىنغان مەشھۇر تۆت مەزھەپنىڭ تۆتىنچىسىدۇر. هەنبەلىي مەزھىپىنىڭ قۇرغۇچىسى ئىمام ئەھمەد ئىبنى هەنبەل بولۇپ، تولۇق ئىسمى ئەھمەد ئىبنى مۇھەممەد ئىبنى هەنبەل ئەل شەيبانىيدۇر. ئىمام ئەھمەد ئىبنى هەنبەل هىجرىيەنىڭ 163-يىلى (780م) هازىرقى تۈركمەنىستاننىڭ مەرۋە دېگەن يېرىدە دۇنياغا كەلگەن. باغدات، مەككە، يەمەن، شام (سۈرىيە ۋە لىۋان)، بەسرە ۋە كۇفە شەھەرلىرىدە ئىلىم تەھسىل قىلغان مۇجتەھىد ئالىم. ئىمام شافىئىي باغدادتا بولغان چاغلىرىدا ئۇنىڭدا فىقھى ئىلىملىرىنى ئوقۇغان. كۆپلىگەن دىنىي ئەسەرلەرنى يازغان. باغدادتىكى ئابباسىيلار خەلىپىسى مەئمۇن مۇتەزىلە مەزھىپىنىڭ «قۇرئان مەخلۇقتۇر» دەيدىغان پىكرىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن، پۈتۈن ئۆلىمالارنى بۇ پىكرنى قوبۇل قىلىشقا زورلىغاندا، ئىمام ئەھمەد بۇ پىكرنى قوبۇل قىلمىغان. شۇ سەۋەبلىك 28 ئاي تۈرمىدە ياتقان ھەمدە كۆپ ئازاب – ئوقۇبەتلەرنى تارتقان. ئۇ هىجرىيەنىڭ 271-يىلى (855م) هازىرقى ئىراقنىڭ پايتەختى باغداد شەھرىدە ئالەمدىن ئۆتكەن.

هەنبەلىي هازىرقى سەئۇدى ئەرەبىستاننىڭ نەجد رايونىدا پۈتۈنلەي ئورۇن ئالغان بولۇپ، هىجازدىمۇ كۆپ ساندا تېپىلىدۇ. پەلەستىن، سۈرىيە ۋە لىۋان قاتارلىق دۆلەتلەردە شافىئىي مەزھىپىدىن كېيىنكى ئەڭ چوڭ مەزھەپ هەنبەلىي مەزھىپى هېسابلىنىدۇ.

### ئەھلى سۈننە مەزھىپى ئىچىدە تۆگەپ كەتكەن فىقھىي مەزھەپلىرى

ئەھلى سۈننە مەزھىپى ئىچىدە تۆگەپ كەتكەن فىقھىي مەزھەپلىرى تۆۋەندىكىلەر:

(1) ئىمام لەيس ئىبنى سەئىد (93-174ھ/712-791م) نىڭ مەزھىپى. بۇ مەزھەپ مىسىردا مەيدانغا چىققان بولۇپ، ئىمام شافىئىينىڭ مەزھىپى ئومۇملاشقانغا قەدەر داۋام قىلغان.

(2) ئىمام داۋۇد زاھىرىي (199-269ھ/815- 883م) نىڭ مەزھىپى. بۇ مەزھەپ باغدادتا مەيدانغا كەلگەن بولۇپ، ئىسلام قانۇنشۇناسلىقىنىڭ 4- ئاساسى بولغان قىياسنى ئېتىراپ قىلمايتتى، ئۇزۇن مۇددەت داۋام قىلىپ كېيىنچە يوقىلىپ تۈگەشكەن.

(3) ئىمام ئابدۇراھمان ئەۋزائىي (88-157ھ/707- 774م) نىڭ مەزھىپى. بۇ مەزھەپ سۈرىيىدە مەيدانغا چىققان بولۇپ سۈرىيە، لىۋان، ئىسپانىيە قاتارلىق جايلاردا

ئومۇملاشقان. كېيىنچە، سۈرىيىدە ئىمام شافىئىينىڭ، ئىسپانىيىدە ئىمام مالىكنىڭ مەزھىپى ئومۇملىششى نەتىجىسىدە، بۇ مەزھەپكە ئەگىشىدىغانلار تەدرىجى تۆگەپ كەتكەن.

## بىزنىڭ فىقھىي مەسىلىلىرىدىكى مەزھىپىمىز

بىزنىڭ فىقھىي مەسىلىلىرىدىكى مەزھىپىمىز ھەنەفىي مەزھىپى بولۇپ، ئىمام ئەزەمنىڭ مەزھىپى دەپمۇ ئاتىلىدۇ. مەزھەپ ئىمامىمىز ئىمام ئەزەم ئەبۇ ھەنىفە دېگەن كىشىدۇر.

تۈركىستان، خىتاي، ئافغانىستان، پاكىستان، ھىندىستان، ئوتتۇرا ئاسىيا مەملىكەتلىرى، تاتارىستان قاتارلىق جايلاردىكى مۇسۇلمانلارنىڭ ھەممىسى، تۈركىيە، مىسىر، لىۋان، سۈرىيە، ئىئوردانىيە ۋە ئىراق قاتارلىق دۆلەتلەردىكى مۇسۇلمانلارنىڭ كۆپ سانلىقى ھەنەفىي مەزھىپىگە ئەگىشىدۇ. مىسىر، لىۋان، سۈرىيە، ئىئوردانىيە، ئافغانىستان ۋە ئىراق قاتارلىق دۆلەتلەردىكى مەھكىمە شەرئىيلەر ھازىرمۇ ئىمام ئەزەمنىڭ مەزھىپى بويىچە ئىش كۆرمەكتە. ئومۇمەن ئوسمانىي خەلىپىلىكى (ئوسمان ئىمپېرىيەسى) ھۆكۈمرانلىق قىلغان جايلارنىڭ ھەممىسىدە ئىمام ئەزەمنىڭ مەزھىپى ئورۇن ئالغان. دۇنيا مۇسۇلمانلىرىنىڭ ئۈچتىن بىرىنىڭ كۆپرەكى ھەنەفىي مەزھىپىگە ئەگىشىدۇ. جەنۇبىي ئامېرىكىدىمۇ 25 مىليوندىن كۆپرەك مۇسۇلمان ھەنەفىي مەزھىپىگە ئەگىشىدۇ[7].

## مەزھەپ چۈشەنچىسى

ئىسلام دۇنياسىدا بىردەك ئېتىراپ قىلىنىپ قوبۇل قىلىنغان ھەنەفىي، شافىئىي، مالىكىي ۋە ھەنبەلىي قاتارلىق مەشھۇر تۆت مەزھەپنىڭ ھەقلىقى ۋە توغرىلىقىدا شەك يوق. بۇلار مەرتىبە جەھەتتىمۇ ئوخشاشتۇر. چۈنكى بۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ مەنبەئى قۇرئان كەرىم ۋە سۈننەت بولۇپ، بۇ مەزھەپلەرنىڭ قايسىسىغا ئەگىشىش جائىزدۇر.

ئەمما مەزھەپ رەيىنى دىنىنىڭ رەيى دەپ قاراپ، باشقىلارنىڭ تۇتقان يولى ئۆزى ئەگەشكەن مەزھەپنىڭ رەيىدىن ئەۋزەل ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇرۇپ، ئۆزىنىڭ مەزھىپىگە قارىغۇلارچە تەئەسسۇبلۇق قىلىشمۇ ئىلىم ئەھلىگە ياراشمايدىغان بىر ئىش. چۈنكى مەزھەپنىڭ رەيى شۇ مەزھەپنىڭ دىن روھىدىن چۈشەنگەنلىرى ۋە بىلگەنلىرى بەس. شۇنىمۇ بىلىش كېرەككى، مەزھەپنىڭ رەيى توغرا ۋە خاتاغا ئېھتىمالى بولغان كۆزقاراشلاردۇر. چۈنكى پەيغەمبەرلەردىن باشقا ھېچقانداق ئىنسان خاتالىقلاردىن خالىي ئەمەس.

مۇجتەھىدلار دىنىي مەسىلىلەردە ئىجتىھاد قىلىپ توغرىسىنى تاپسا

[7] «المدخل في الفقه» ناملىق ئەسەردىن.

ئىككى ھەسسە ساۋابقا، ئەگەر خاتالاشقان بولسا بىر ھەسسە ساۋابقا ئېرىشىدىغانلىقى ئىسلام دىنىدا قارار قىلىنغان بىر ھەقىقەتتۇر.

## مەزھەپكە ئەگىشىشكە مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەر

ئىسلام دىنىي مۇسۇلمانلارنى باشقا دىنلاردىكىگە ئوخشاش قارىغۇلارچە تەقلىد قىلىشقا تەشەببۇس قىلمايدۇ، بەلكى تەقلىدچىلىكنى ناھايىتى قاتتىق سۆكىدۇ. چۈنكى ئىسلام دىنى كىشىلەرنى ئالدى بىلەن ئەقىل ئىشلىتىشكە، ئۆزىنىڭ پايدا – زىيىنىنى بىلىپ، توغرا يولغا ئەگىشىشكە چاقىرىدۇ.

پەيغەمبىرىمىز ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا تۇنجى ۋەھيىنىڭ «ئوقۇ»[8] ئەمرى بىلەن باشلانغانلىقى، يەنە قۇرئان كەرىمنىڭ «ئاللاھتىن باشقا ھەقىقىي ئىلاھ يوقلىقىنى بىلگىن»[9] دېگەن چاقىرىقى كىشىلەرنى ئالدى بىلەن ئۆزلىرىنىڭ ياراتقۇچىسىنى تونۇش ئۈچۈن ئوقۇشقا، ئاندىن پايدىلىق ئىلىملەرنى ئۆگىنىشكە چاقىرىشتا قاتتىق تەلەپ قويۇلغانلىقىنى ئىپادىلىسە، ئەينى ۋاقىتتىكى ئەرەب مۇشرىكلىرىنىڭ ئەقىل ئىشلەتمەستىن، توغرا – خاتانى ئايرىماستىن، ھەدەپ ئاتا-بوۋىلىرىنى قارىغۇلارچە تەقلىد قىلىشتەك بېكىنمە روھىي ھالىتىنى سۆكۈپ «ئۇلارغا ئاللاھ چۈشۈرگەن ھۆكۈمگە، پەيغەمبەر بايان قىلغان ھۆكۈمگە ئەگىشىڭلار دېيىلسە، ئۇلار: «ئاتا – بوۋىلىرىمىزنىڭ دىنى بىزگە كۇپايە» دەيدۇ»[10] دېگەنلىكى ئىسلام دىنىنىڭ پىكىر ۋە ئېتىقاد ئەركىنلىكىنى تەشەببۇس قىلىش، ئەقىلنى قوللىنىپ ئىش كۆرۈشكە چاقىرىشتەك ئەۋزەللىكىنىڭ ۋە ھەققانىيلىقىنىڭ ئايرىم بىر دەلىلىدۇر.

ئەمما قۇرئان كەرىم كۇففارلارنى تەقلىد قىلىشنى سۆككەن بولسىمۇ، مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆزلىرى مۇستەقىل بىلەلمىگەن مەسىلىلەردە، ئۆلىمالارنى تەقلىد قىلىشنى چەكلىگەن ئەمەس.

## ئىسلام مەزھەپلىرىنى تەقلىد قىلىش مەسىلىسى

ئەمدى، ئىسلام مەزھەپلىرىنى تەقلىد قىلىش مەسىلىسىگە كەلسەك، ئېتىقادىي مەسىلىلەردە ئەھلى سۈننە مەزھىپىگە ئەگىشىش زۆرۈردۇر. چۈنكى ئەھلى سۈننە – پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يولىغا تولۇق ئەگىشىشنى ئاساس قىلغان ھالدا بارلىققا كەلگەن، ئېتىقادى ئەڭ ساغلام مەزھەپتۇر. شۇ سەۋەبتىنمۇ

[8] قۇرئان كەرىمدىن ئەڭ دەسلەپ چۈشكەن ۋەھيى ئەلەق سۈرىسىنىڭ بېشىدىن مۇنۇ 5 ئايەتتۇر: «ياراتقان رەببىڭنىڭ ئىسمى بىلەن ئوقۇغىن. ئۇ ئىنساننى لەختە قاندىن ياراتتى. ئوقۇغىن، رەببىڭ ئەڭ كەرەملىكتۇر. ئۇ قەلەم بىلەن خەت يېزىشنى ئۆگەتتى. ئىنسانغا بىلمىگەن نەرسىلەرنى بىلدۈردى».

[9] مۇھەممەد سۈرىسى 19 ـ ئايەت.

[10] مائىدە سۈرىسى 104 ـ ئايەت.

دۇنيا مۇسۇلمانلىرىنىڭ مۇتلەق كۆپ سانلىقى بۇ مەزھەپكە ئەگىشىدۇ. چۈنكى ئىنساننىڭ ئېتىقادى توغرا ۋە ساغلام بولمىسا، ئۇنىڭ قىلغان ئەمەل – ئىبادەتلىرى پايدا بەرمەيدۇ.

ئەمما ئەمەل – ئىبادەتلەرگە مۇناسىۋەتلىك فىقھىي مەزھەپلەرگە ئەگىشىش مەسىلىسى مۇنداق:

(1) ئىسلام ئۆلىمالىرىنىڭ كۆپ سانلىقىنىڭ ئىتتىپاقى بويىچە، قۇرئان ۋە ھەدىسنى ئۆزلىرى ئوقۇپ، چۈشىنىپ، شەرىئەت ئەھكاملىرىنى بىلىشتىن ئاجىز كەلگەن ئاۋام خەلقنىڭ ئەمەل – ئىبادەت مەسىلىلىرىدە، مۇئەييەن بىر مەزھەپنى تەقلىد قىلىشى (ئەگىشىشى) جائىز بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئۇلار ئۈچۈن ياخشىدۇر. چۈنكى ئاۋام خەلقمۇ ئاللاھ تائالا چۈشۈرگەن شەرىئەت بويىچە ئىش كۆرۈشكە چاقىرىلغان. شەرىئەت بويىچە ئىش كۆرۈش ئۈچۈن شەرىئەت ئەھكاملىرىنى ئۆگىنىش شەرت. ئۇلارنىڭ شەرىئەت ئەھكاملىرىنى ئۆگىنىشىنىڭ بىرلا يولى بىلگەنلەرنى تەقلىد قىلىشتۇر. ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە بىلمەيدىغان كىشىلەرنى بىلىدىغان ئۆلىمالاردىن سوراپ ئۆگىنىشكە ئەمر قىلغان.(ئەگەر بىلمىسەڭلار، ئىلىم ئەھلىلىرىدىن سوراڭلار)[11].

(2) شەرىئەت ئەھكاملىرىنىڭ دەلىللىرىنى ئۆز ئىجتىھادى بىلەن كۈچلۈك ياكى زەئىپ دەپ ئايرىيالايدىغان مەرتىبىگە يەتمىگەن ئۆلىمانىڭ مۇئەييەن بىر مەزھەپنى تەقلىد قىلىش ياكى قىلماسلىقى ئىختىياردۇر. يەنى خالىسا بىرەر مەزھەپكە ئەگىشىدۇ، خالىسا ئۆزى بىلگەنچە ئىش كۆرىدۇ.

(3) ئۆز ئىجتىھادى بىلەن شەرىئەت دەلىللىرىنى تەكشۈرۈپ چىقىپ، ئۇلاردىن دىنىي مەسىلىلەرنىڭ ھۆكۈملىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇش سەۋىيىسىگە يەتكەن كىشىنىڭ كۈچى يەتمىگەن بەزى مەسىلىلەردىلا باشقا بىرىنى تەقلىد قىلىشى جائىزدۇر. ئەمما ئۆزىنىڭ كۈچى يېتىدىغان مەسىلىلەردە باشقىلارنى تەقلىد قىلىشى جائىز ئەمەس.

ئاۋامنىڭ بىرەر مەسىلىدە رۇخسەت ياكى ئوڭايلىق ئىزدەپ ئۆلىمالارنىڭ رۇخسەتلىرى ئارقىسىدىن چېپىشى توغرا ئەمەس. چۈنكى ئۆزى مەنسۇپ بولغان مەزھەپىدىن باشقا بىر مەزھەپكە رۇخسەت ئىزدەپ ئۆتۈش ئۆلىمالارنىڭ سۆزىنى شەرىئەت دەلىللىرىدىن ئۈستۈن بىلگەنلىك ۋە دىنىي مەسىلىلەرنى ئويۇنچۇق ئورنىدا كۆرگەنلىك بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. (پېقىرنىڭ «دىن ۋە ھايات 2000 سوئالغا جاۋاب» ناملىق ئەسىرىدىن قىسقارتىپ ئېلىندى).

[11] نەھل سۈرىسى 43 ـ ئايەت.



# فىقھىي مەزھەپلەرنىڭ كېلىپ چىقىشى

ئۇستاز ئابدۇلئەھەد ھاپىز

بىزنى يوقتىن يارىتىپ، ئەقىل نېمىتى بەرگەن ۋە ئۆز كالامى قۇرئان كەرىمنى چۈشۈرۈپ يولىمىزنى ئايدىڭلاتقان رەببىمىز ئۇلۇغ ئاللاھ تائالاغا چەكسىز ھەمدۇسانا ئېيتىمەن. ئاللاھنىڭ كالامىنى تۇرمۇشىمىزدا قانداق تەتبىقلاشنى ئۆگەتكەن، بارلىق ئىش-ھەرىكەتلەردە ئۈممىتىگە رەھبەر بولغان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ھەدسىز دۇرۇد سالام يوللايمەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئائىلە-تاۋابىئاتلىرىغا، ئەسھابى كىراملىرىغا ۋە قىيامەتقىچە ئۇلارنىڭ ئىزىدىن ماڭغان ھەقىقىي مۇئمىنلارغا ئاللاھنىڭ رەھمەت ۋە بەرىكىتىنى تىلەيمەن.

ئاللاھ تائالانىڭ پەزلى كەرىمى بىلەن مۇقەددەس دىنىمىز قۇرئان كەرىم ۋە ھەدىس شېرىپلەر بىلەن تەبلىغ قىلىنغان ۋە رەببانىي ئالىملىرىمىزنىڭ قاتتىق تىرىشچانلىقى بىلەن قۇرئان-ھەدىسنى توغرا چۈشىنىپ، ئاللاھنىڭ مۇراد-مەقسىتىگە ئۇيغۇن ئەمەل قىلىش ئۈچۈن پەرز، ۋاجىپ، سۈننەت، مۇستەھەپ ۋە مۇباھ قاتارلىق ھۆكۈملەر ئېنىق بېكىتىلگەن. ھارام، مەكرۇھ قاتارلىق چەكلەنگەن ئىشلار كۆرسىتىلگەن. شۇنىڭ بىلەن مۇسۇلمانلار ئىسلامنىڭ داغدام يولىدا ئوڭ-سولغا ئېغىپ كەتمەي تۈپتۈز مېڭىپ كەلگەن. لېكىن ئىسلام دۈشمەنلىرى بۇ دىننى بۇزۇش، مۇسۇلمانلارنى دىنىدىن يىراقلاشتۇرۇش، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئىختىلاپ، پىتنە پەيدا قىلىش ئارقىلىق بىرلىك-باراۋەرلىكنى بۇزۇپ، پارچىلاپ يوقىتىش ئۈچۈن كېچە-كۈندۈز تۈرلۈك شەيتانىي پىلانلار، لايىھەلەر تۈزۈپ، ئۇنى ئەمەلگە ئاشۇرۇپ كەلدى.

دۈشمەنلەرنىڭ سىرلىق ئويۇنلىرىنى، يوشۇرۇن تۇزاقلىرىنى چۈشەنمىگەن نادان مۇسۇلمانلار دۈشمەننىڭ قىسمىقىغا چۈشۈپ، دېپىغا ئۇسۇل ئويناپ بۆلۈنۈپ، پارچىلاندى، كۈچىنى يوقىتىپ دۈشمەنگە ئەسىر بولدى. بۈگۈن دۇنيادا ئۆز ئالدىغان ئىش قىلالايدىغان، سىياسەت ۋە

ئىقتىسادىدا ئەركىن بىرمۇ مۇسۇلمان دۆلەت يوق.

مۇسۇلمانلارنىڭ بېشىنى قايمۇقتۇرىدىغان ئويۇنلاردىن بىرى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىدا مەزھەپلەر يوق ئىدى، كېيىن ئىنسانلار تەرپىدىن ئىجاد قىلىندى؛ مەزھەپ بىدئەتتۇر، شۇڭا مەزھەپكە ئەمەس پەقەت قۇرئان-ھەدىسكە ئەمەل قىلىش لازىم، دېگەن سەپسەتىدۇر. شۇنى ياخشى بىلىش لازىمكى، بۇ سۆزلەر دىنىمىزغا قىلىنغان ھۇجۇملارنىڭ بىر كۆرۈنۈشىدۇر. دىن دۈشمەنلىرى ئىسلام دىنىنى يوقىتىش ئۈچۈن ھەر تۈرلۈك ئۇرۇنۇشلاردا بولغان ۋە مۇسۇلمانلار جەمئىيىتىنى ساغلام تۇتۇپ تۇرىدىغان ئاساسلارنىڭ ئۇلى بولغان ئالىملارنى ئېتىبارسىزلاشتۇرۇش ئۈچۈن مەزھەپلەرگە قارشى تۇرۇشنى ئوتتۇرىغا قويغان. يەنى مەزھەپ دۈشمەنلىكى ياكى بەدمەزھەپچىلىك ۋە مەزھەپلەرنى يوقىتىشقا ئۇرۇنۇش قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ئىسلامنى يىلتىزىدىن قومۇرۇپ تاشلاش پىلانىنىڭ بىر پارچىسىدۇر.

## مەزھەپ دېگەن نېمە؟

ئالدى بىلەن مەزھەپنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرەيلى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئاللاھ كىمگە ياخشىلىقنى ئىرادە قىلسا، ئۇنى دىندا فەقىھ قىلىدۇ».[1] بۇ ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاللاھ تائالانىڭ پەزلى-كەرىمى بىلەن بەزى كىشىلەرنىڭ دىنىي مەسىلىلەرنى ئىنچىكىلەپ بىلەلەيدىغان ۋە قۇرئان كەرىم ۋە ھەدىس شەرىپلەردىكى ئىپادىلەرگە قاراپ ھەرخىل ھۆكۈملەرنى چىقىرالايدىغان ئالىم بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. ئاللاھ تائالا دىندا فەقىھ قىلغان، ئىلىمدا ۋايىغا يەتكەن ئادەم ئىمام ئەزەمگە ئوخشاش قۇرئان ۋە ھەدىسلەردىن ھۆكۈم چىقىرالايدىغان ئالىم بولىدۇ. ئۇ «مۇجتەھىد» دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ ئالىم ھۆكۈم چىقىرىش ئۇسۇللىرىنى بېكىتىدۇ؛ ئۇ ئۇسۇللارغا ئاساسەن قۇرئان ۋە ھەدىسلەردىن ھۆكۈم چىقىرىدۇ. بۇ ئۇسۇللارنىڭ ئىسمى «مەزھەپ»تۇر. يەنە جەمئىيەتتە قۇرئان ۋە ھەدىسلەردىن ھۆكۈم چىقىرالمايدىغان مۇسۇلمانلار ئاممىسى بار. ئۇلار بۇ مۇجتەھىد ئالىم چىقارغان ھۆكۈمگە ئەمەل قىلىدۇ. بۇلارنى «مۇقەللىد (تەقلىد قىلغۇچى-ئەگەشكۈچى)» دەيمىز. ئۇ ئۇسۇل-قائىدىلەرنى بېكىتكەن كىشى مەزھەپنىڭ ئىمامىدۇر. بۇ ئۇسۇللارغا ئاساسەن قۇرئان ۋە ھەدىسلەردىن ھۆكۈم چىقارغان باشقا ئالىملار مۇشۇ مەزھەپكە مەنسۇپ بولغان مۇجتەھىد ئالىملاردۇر. دېمەك، مەزھەپ – قۇرئان ۋە ھەدىستىن ھۆكۈم چىقىرىش ئۈچۈن بېكىتىلگەن ئۇسۇل-قائىدە دېگەن

[1] ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

بولىدۇ.

ئەھلى سۈننەت ۋەلجەمائە مۇسۇلمانلار توغرا دەپ، ئەمەل قىلىپ كەلگەن فىقھىي مەزھەپلەر تۆت بولۇپ، ئۇلار 1. ھەنەفىي مەزھەپ، ئىمامى ئەبۇ ھەنىفە رەھمەتۇللاھى ئەلەيھ، 2. مالىكىي مەزھەپ، ئىمامى مالىك ئىبنى ئەنەس رەھمەتۇللاھى ئەلەيھ، 3. شافىئىي مەزھەپ، ئىمامى مۇھەممەد ئىبنى ئىدرىس ئەششافىئىي رەھمتۇللاھى ئەلەيھ، 4.ھەنبەلىي مەزھەپ، ئىمامى ئەھمەد ئىبنى ھەنبەل رەھمەتۇللاھى ئەلەيھتۇر. بۇ مەزھەپلەر ئوتتۇرىسىدىكى پەرقلەر ئۇسۇلدا بولۇپ، ھەر مەزھەپ ئالىملىرى ئۆزىنىڭ ئۇسۇلىغا ئاساسەن قۇرئان، ھەدىس، ئىجما ۋە قىياس دەلىلى بويىچە ھۆكۈم چىقىرىدۇ. ھۆكۈملەردىكى ئوخشىماسلىق پەقەت فەرئىي (شاخچە) مەسىلىلەردە بولىدۇ. يەنى قۇرئان كەرىم ۋە ھەدىس شېرىپلەردە قەتئىي ئىپادىلەر بىلەن بىلدۈرۈلگەن بىر كۈندە بەش ۋاقىت نامازنىڭ پەرزلىكى، چوچقا گۆشى ۋە ھاراقنىڭ ھاراملىقى دېگەندەك ھۆكۈملەردە ئىختىلاپ بولمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ تۆت مەزھەپكە ئەگەشكەن مۇسۇلمانلار ھەممىسى ھەق يولدا، قۇرئان-ھەدىسكە توغرا ئەمەل قىلغان بولىدۇ. بىر مەزھەپ مەنسۇبى بولغان بىر مۇسۇلمان قالغان مەزھەپ مەنسۇپلىرىنى باتىل ۋە ئازغۇن دېمەيدۇ، بەلكى ئۇمۇ توغرا يولدا، دەپ قارايدۇ. بۇ تۆت مەزھەپنىڭ بولۇشى بىز مۇسۇلمانلار ئۈچۈن بىر رەھمەت بولغان. چۈنكى تۇرمۇشتا ئىنسانىنىڭ بېشىغا ئويلاپ باقمىغان ۋە بۇرۇن كۆرۈلۈپ باقمىغان، قۇرئان ۋە ھەدىسلەردىن ھۆكمى تېپىلمايدىغان ھەرخىل ئەھۋاللار كېلىدۇ. بۇنداق ئەھۋالدا ئۆلىمالار ھەر مەزھەپنىڭ دەلىل ۋە ئۇسۇللىرىغا قاراپ ئۇ مەسىلىگە شەرىئەتكە مۇۋاپىق بىر چارە ۋە ھۆكۈم تاپالايدۇ.

## ساھابە كىراملارنىڭ زامانىدا مەزھەپ بارمىدى-يوقمىدى؟

مەزھەپ بىر ئالىمنىڭ ھۆكۈم چىقىرىشى قالغانلارنىڭ ئۇ ھۆكۈمنى ئىجرا قىلىپ ئەمەل قىلىشى بولغان ئىكەن، بۇنىڭغا ئاساسەن ساھابە كىراملارنىڭ ھاياتىغا قارايلى. ساھابە كىراملاردا مەزھەپ بارمىكەن-يوقمىكەن؟ كۆرەيلى. ئالدى بىلەن شۇنى ئېيتايلىكى، ساھابە كىراملاردا مەزھەپ يوق ئىدى، كېيىن پەيدا قىلىنىدى، دېگەنلىك – ساھابە كىراملارنىڭ ھەممىسى قۇرئان ۋە ھەدىستىن ھۆكۈم چىقىرالايدىغان مۇجتەھىد ئىدى، ھەممىسى ئۆز ئالدىغا ھۆكۈم چىقىراتتى؛ ھېچكىم باشقا بىر ئالىم ساھابىنىڭ ھۆكمىگە ئەگەشمەيتتى، دېگەنلىك بولىدۇ. ئەمدى ساھابە كىراملارغا قارىساق، ئۇلارنىڭ سانى قانچە ئىدى؟ سىرە كىتابلىرىدا

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەجدە ۋىدا خۇتبىسى سۆزلىگەندە، ھازىر بولغان ساھابىنىڭ سانى تەخمىنەن 140 مىڭ ئىدى، ھەجگە كېلەلمىگەن ساھابىلەرمۇ يۈزمىڭدىن ئاشاتتى دېيىلىدۇ. بىز يۈزمىڭ دەپ تۇرايلى. ساھابىلەر زامانىدا مەزھەپ يوق ئىدى، دېگەن دەۋاغا ئاساسەن قۇرئان ۋە ھەدىستىن ھۆكۈم چىقىرالايدىغان يۈزمىڭ مۇجتەھىد بولۇشى لازىم بولىدۇ. ئەمما بىز ساھابە كىراملارنىڭ ھاياتىغا قارىغان ۋاقتىمىزدا يۈزمىڭ مۇجتەھىد ساھابە كۆرەلمەيمىز. بىر جەمئىيەت ئىنسانلىرىنىڭ ھەممىسىنىڭ مۇجتەھىد بولۇشى ئىنسانلارنىڭ تەبىئىتىگە ئۇيغۇن كەلمەيدۇ. ئىنسانلىق تارىخىدا بۇنداق بىر جەمئىيەت مەۋجۇت بولغان ئەمەس. چۈنكى ئاللاھ تائالا ئادەم ئەلەيھىسسالامدىن تارتىپ يۈزدەيۈز ئالىم، يۈزدەيۈز ئىنژېنېر، يۈزدەيۈز ئۇستا، يۈزدەيۈز ئىشچى... بىر جەمئىيەت ياراتقان ئەمەس. بۇ سەۋەبتىن ساھابىلەرنىڭ ھەممىسى مۇجتەھىد ئىدى، ھەربىر ساھابە ئۆزى ھۆكۈم چىقىراتتى دېيىش ئاللاھ تائالا ياراتمىغان بىر جەمئىيەتنىڭ بارلىقىنى دەۋا قىلغانلىق بولىدۇ.

ئەمدى ساھابىلەر جەمئىيىتىنىڭ ئىچىدە فىقھىي ئىجتىھاتلار ئىلىپ بارغان ساھابىلەرنىڭ سانىغا قارايلى. مۇجتەھىد ساھابىلەر ئۈچ قىسىمغا بۆلۈنىدۇ:

1. «ئەلمۇكسىرۇن (كۆپ ئىجتىھات قىلغۇچىلار)». كۆپ ئىجتىھات قىلغۇچىلاردىن مەقسەت، چىقارغان ئىجتىھادىي ھۆكۈملىرى بىر ئېنسىكلوپېدىيەنى تولدۇرغۇچىلىك بولغانلاردۇر. مەسىلەن، ئىمام ئەھمەد ئىبنى ھەنبەل: «ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباسنىڭ پەتىۋاسىنى جۇغلىسا يىگىرمە كىتاب كېلىدۇ»[2] دېگەن. بۇلار يەتتە بولۇپ: 1. ئۆمەر، 2. ئەلى، 3. ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس، 4. ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد، 5. ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر، 6. زەيد ئىبنى سابىت، 7. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمالاردۇر. يەنى يۈزمىڭ ساھابىنىڭ ئىچىدە كۆپ ئىجتىھات قىلغان ۋە قۇرئان-ھەدىسلەردىن كۆپلەپ ھۆكۈم چىقىرىپ پەتىۋا بەرگەن ساھابىلەر يەتتە كىشىدۇر.

2- ئىجتىھات ۋە پەتىۋالىرى بىر دەپتەرنى تولدۇرغۇچىلىك بولغان ساھابىلەر. بۇلارنىڭ سانى 20-30 ئەتراپىدىدۇر. مەسىلەن، ئەبۇ بەكرى، ئوسمان، ئەبۇ مۇسا ئەشئەرى، ئەبۇ ھۇرەيرە، ئۇممۇ سەلەمە، ھەپسە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمالار بۇ ئىككىنچى قىسىم ساھابىلەردىندۇر.

3- بىرگە پەقەت بىر ياكى ئىككى ئىجتىھادى كەلگەن ساھابىلەر. بۇلارنىڭ سانى 120-130-

[2] مۇھەممەد ئەبۇ شۇھبە: «الوسيط في علوم ومصطلح الحديث»

ئەتراپىدىدۇر.

بۇ ئۈچ قىسىم ساھابىلەرنىڭ جەمى 167 كىشىدۇر. بۇ 167 ساھابىنىڭ 20 سى ئايال ساھابىلەردۇر. دېمەك، يۈزمىڭ ساھابىنىڭ ئىچىدە ئىجتىھاد قىلغان ۋە قۇرئان-ھەدىسلەردىن ھۆكۈم چىقارغانلار پەقەت مۇشۇ 167 كىشىدۇر. يۈزمىڭ ساھابەنى 167گە بۆلسەك، تەخمىنەن 600 بولىدۇ. يەنى ھەربىر مۇجتەھىد ساھابىگە 600 ساھابە ئەگەشكەن بولىدۇ. يەنى بىر كىشى ئىجتىھاد قىلىپ ھۆكۈم چىقارغان، 600 كىشى ئۇ ھۆكۈمگە ئەمەل قىلىپ ئىجرا قىلغان بولىدۇ. دېمەك، مۇجتەھىد ۋە مۇقەللىد ساھابە جەمئىيىتىدە بار ئىدى. كۆپ ئىجتىھاد قىلغان يەتتە ساھابىنى ئاساس قىلىپ، يۈزمىڭ كىشىنى يەتتە كىشىگە بۆلسەك، ھەربىر مۇجتەھىدكە 14285 كىشى توغرا كېلىدۇ. يەنى بىر كىشى ئىجتىھاد قىلغان ۋە 14285 كىشى ئۇ مۇجتەھىدكە ئەگەشكەن بولىدۇ. يەنى ساھابە جەمئىيىتىدە ئالىم بىر ساھابىگە مەسىلىسىنى سورايدىغان ۋە ئۇنىڭ بەرگەن جاۋابىغا ئىشەنچ قىلىپ ئەمەل قىلىدىغان ئىش – يەنى ئىسمى قويۇلمىغان بولسىمۇ ئىجتىھاد ۋە تەقلىد (مەزھەپچىلىك) – بار ئىدى. بۇنىڭ نەتىجىسىدە مەلۇم بولىدۇكى، ساھابە زامانىدىمۇ مەزھەپ بار ئىدى، لېكىن «مەزھەپ» دەپ ئىسىم قويۇلمىغانىدى. مەزھەپ ئىسمى كېيىن قويۇلغان. خۇددى ساھابىلەر قۇرئان كەرىمنى تەجۋىد بىلەن ئوقۇياتتى، لېكىن تەجۋىد ئىلمى دەيدىغان بىر ئىسىم يوق ئىدى، كېيىن ئۇ ئىسىم قويۇلغانغا ئوخشاش. يەنە ئىمان مەسىلىسى ساھابە زامانىدا بار ئىدى، لېكىن ئەقىدە دەپ بىر ئىسىم يوق ئىدى، بۇ ئىسىم كېيىن قويۇلغانغا ئوخشاش. شۇنىڭغا ئوخشاش مەزھەپنىڭ ئۆزى ساھابە زامانىدا بار ئىدى، ئىسمى كېيىن قويۇلغان. بىر نەچچە كىشىنىڭ ئىجتىھاد قىلىشى باشقىلارنىڭ ئۇلارغا ئەگىشىشى سۈننەتۇللاھقا (يەنى ئاللاھنىڭ قانۇنىيىتىگە) ئۇيغۇندۇر. چۈنكى جەمئىيەتنىڭ پۈتكۈل ئەزالىرى مۇجتەھىد بولغان بىر جەمئىيەت يارىتىلغان ئەمەس. شۇڭا مەزھەپ بىدئەت ئەمەس، بىر مۇجتەھىد ئالىمغا ئەگىشىش دىنىنىڭ ساغلاملىقى، جەمئىيەتنى بۆلۈنۈشكە ئېلىپ بارىدىغان ئىختىلاپلارنىڭ چىقماسلىقى، ئىسلامىي قېرىنداشلىقنىڭ مۇستەھكەم بىر شەكىلدە داۋاملىشىشى ئۈچۈن لازىمدۇر. مەسىلەن، ھېچنەرسە بىلمەيدىغان بىر كىشى مەن ئۆزەم قۇرئاننى ئوقۇپ ھۆكۈم چىقىرىمەن، دېسە، ھەدىسلەرنى ئۆگىنىپ ئۆزەم ناماز ۋە تاھارەتنى ئۆگىنىمەن، دېسە، بۇ كىشى بىر نەچچە يىل تىرىشىپ ئۆزىگە كۆرە بىر ناماز تەرزى چىقىرىشى مۇمكىن. لېكىن ئۇنىڭ چىقارغان ناماز تەرزى ئاللاھ

قوبۇل قىلىدىغان ئىبادەت بولدىمۇ، بولمىدىمۇ؟ بىلگىلى بولمايدۇ. ئۇنداق قىلىشنىڭ ئورنىغا بىر مۇجتەھىد ئالىم ئىجتىهاد قىلىپ، يازغان ناماز كىتابىنى ئېلىپ ئوقۇسا، بىر ئىككى سائەتتە تاھارەت ۋە نامازنى ئۆگىنىدۇ ۋە تاھارەت ۋە نامازنى ئاللاھنىڭ مۇرادىغا ئۇيغۇن، مۇكەممەل بىر شەكىلدە ئوقۇيالايدۇ.

## مۇجتەھىدنىڭ چىقارغان ھۆكمىنىڭ توغرا بولغانلىقىنى قانداق بىلىمىز؟

مۇجتەھىدنىڭ چىقارغان ھۆكۈملىرىنىڭ توغرا بولغانلىقىنى ئۇ ھۆكۈملەرنىڭ قۇرئان ۋە ھەدىسكە ئۇيغۇن بولۇشى بىلەن بىلىمىز. يەنى قۇرئان ۋە ھەدىس مۇجتەھىدنىڭ چىقارغان ھۆكمىنىڭ ئەكسىچە بىر ھۆكۈم بىلدۈرمىسە، مۇجتەھىدنىڭ دېگىنى توغرا دەپ قوبۇل قىلىپ ئەمەل قىلىمىز. بىر مۇجتەھىد ئالىمنىڭ چىقارغان ھۆكمىنىڭ قۇرئان ۋە ھەدىسكە ئۇيغۇن بولۇپ-بولمىغانلىقىنى ئاشۇ مۇجتەھىد ئالىمنىڭ دەرىجىسىدىكى ئالىم بىلەلەيدۇ، ئۇ دەرىجىگە يەتمەيدىغان بىرىنىڭ پالانى ئالىمنىڭ ھۆكمى قۇرئانغا ياكى ھەدىسكە ئۇيغۇن ئەمەس، دېيىش ھەققى يوق. شۇڭا فىقھى ئۆلىمالىرى بۇرۇنقى مۇجتەھىد ئالىملارنىڭ چىقارغان ھۆكمىنى «خاتا» دېمەيدۇ، بەلكى پالانى ئالىمنىڭ تايانغان دەلىلى زەئىپ، پالانى ئالىمنىڭ دەلىلى كۈچلۈكراق، دەلىلى كۈچلۈك بولغان ئالىمنىڭ ھۆكمىگە ئەمەل قىلىش ياخشىراق، دەيدۇ.

مەسىلەن، ساھابە جەمئىيىتىگە قارايلى. يەتتە مۇجتەھىد ساھابە بار ئىدى، دەيلى. قالغان ساھابىلەر بىر مۇشكىلىسىنى قانداق ھەل قىلىشنى سورىغىلى كەلگەندە، ئى ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد! مېنىڭ مۇنداق بىر مۇشكىلىم بار، بۇ توغرىدا قۇرئاندا كەلگەن ئايەتنى ياكى ھەدىسنى ماڭا دەپ بەرگىن، مەن ئۇنىڭغا ئاساسەن ھۆكۈم چىقىرىپ مۇشكىلەمنى ھەل قىلاي، دەپ سورىمايتتى. بەلكى بۇ مەسىلىنىڭ دىنىمىزدىكى ھۆكمى نېمە؟ دەپ سورايتتى. ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد ئۆزى قۇرئان-ھەدىسقا تايىنىپ چىقارغان ھۆكۈمگە ئاساسەن جاۋاب بېرەتتى. سوئال سورىغان كىشى ئۇ جاۋابنى ئېلىپ ئەمەل قىلاتتى. دېمەك، ئىلىمدە، تەقۋالىقتا ئىشەنچلىك دەپ تونۇلغان بىر ئالىمدىن مەسىلە سورىغاندا، ئۇ ئالىمنىڭ بەرگەن جاۋابىغا ئەمەل قىلىنىدۇ.

## بۈگۈن بىر ئالىم مەن مۇجتەھىد دېسە، قۇرئان-ھەدىسكە ئاساسەن ھۆكۈم بەرسە، يېڭى بىر مەزھەپ چىقىرالامدۇ؟

بىز - يۇقىرىدا دېگىنىمىزدەك – پەتىۋا يەنى ھۆكۈمنىڭ ئۆزى

مەزھەپ ئەمەس، بەلكى مەزھەپ ئۇسۇل-قائىدەدۇر. بىر ئالىم ھازىرغىچە بېكىتىلگەن ئۇسۇل-قائىدىلەرگە ئوخشىمايدىغان بىر ئۇسۇل ئوتتۇرىغا قويسا، بۇ كىشى يېڭى بىر مەزھەپ قۇرۇپتۇ، دېسەك بولىدۇ. لېكىن بۇنداق بىر ئىمكان يوق. چۈنكى ئۇسۇل-قائىدە ھەققىدە ئىنساننىڭ ئەقلىگە كېلىدىغان نىمە بولسا، ھەممىسى كىتابلاردا يېزىلىپ، بېكىتىلىپ بولاغلىق. ئۇسۇل – قۇرئان ۋە ھەدىستىن ھۆكۈم چىقىرىش يولى دېگەن بولىدۇ. بۇ يولنىڭ ئىسمى مەزھەپتۇر. مەسىلەن، ناماز ئوقۇشنىڭ ھۆكمى نىمە؟ جاۋاپ: پەرز. نىمىگە ئاساسەن بۇ پەرز ھۆكمىنى بېرىمىز؟ چۈنكى قۇرئان ۋە ھەدىسنىڭ ئىپادىلىرىگە قارىغان ۋاقتىمىزدا، ناماز ھەققىدىكى بۇيرۇقلار قەتئىيلىك ئىپادىلەيدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەمەلىي سۈننىتىگە قارىساق، نامازنى ھەرگىز ئىھمال قىلمىغانلىقىنى كۆرىمىز. بۇنىڭغا ئاساسەن ناماز پەرزدۇر، دەپ ھۆكۈم قىلىمىز. پەرز دېگەن ئىجرا قىلمىسا، چوڭ گۇناھ سادىر قىلغانلىق بولىدىغان، تانسا يەنى قوبۇل قىلمىسا، كاپىر بولىدىغان ئىشتۇر.

ئۇسۇل ئالىملىرىنىڭ ئىشى: مەن بۇ ئايەت ياكى ھەدىستىن قانچە دانە مەنە چىقىرالايمەن ۋە بۇ مەنىلەرنى قۇۋۋەت تەرتىپىگە ئاساسەن قانداق رەتلىيەلەيمەن؟ دېگەندىن ئىبارەتتۇر. تومлارچا ئۇسۇل كىتابلىرى قۇرئان ۋە ھەدىسلەردە تىلغا ئېلىنغان ئىپادىلەرنى توغرا چۈشىنىپ توغرا مەنىلەرنى چىقىرىش ئۈچۈن يېزىلغاندۇر. مەسىلەن، بىر-بىرىگە زىت ئىككى ھەدىسكە دۇچ كەلدى. ئۇسۇل ئالىمى بۇنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، ئۇنىڭ سۆزلىنىش تارىخىغا قارايدۇ، ئەجەبا كېيىن سۆزلەنگەن ھەدىس بۇرۇن سۆزلەنگەن ھەدىستىكى ھۆكۈمنى مەنسۇخ قىلامدۇ (يەنى ئەمەلدىن قالدۇرامدۇ) ياكى بىر ھەدىس يەنە بىر ھەدىستىكى ئومۇمىي ئىپادىنى خاسلاشتۇرامدۇ؟ دېگەنگە ئوخشاش نۇرغۇن تەرەپلەرنى تەتقىق قىلىدۇ. بۇنىڭمۇ ئۇسۇلى بار، ئۇنى «ھەدىس ئۇسۇلى» دەيمىز.

فىقھى ئۇسۇلى ۋە ھەدىس ئۇسۇلى ئىسلام ئۈممىتىدىن باشقا ھېچبىر ئۈممەتتە يوقتۇر. بۇ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۈممىتىگە مەخسۇس بىر ئىشتۇر. ئالىملىرىمىز توغرا ھۆكۈم چىقىرىش ئۈچۈن بۇ ئىككى ئۇسۇلنى ناھايىتى دىققەت ۋە ئىنچىكىلىك بىلەن ئىجرا قىلغان. نەتىجىدە مۇسۇلمانلار ئاممىسىغا قىلىدىغان ئىشلارنى تەييار تاماققا ئوخشاش سۇنغاندۇر.

بەزىلەر مەن ئۈچ-تۆت مىڭ ھەدىس ئوقۇدۇم، مېنىڭ مەزھەپكە ئېھتىياجىم يوق، مەن ئۆزەم بىلگىنىمگە ئەمەل قىلىمەن، دەيدۇ.

بۇ كىشىگە دەيمىزكى، كۆپ ھەدىس بىلگەنلىك ئىجتىھاد قىلىشقا بولىدۇ، دېگەن بولمايدۇ. ئىجتىھاد قىلىش باشقا بىر ئىشتۇر. يۇقىرىدا ساھابە كىراملارنىڭ ئىچىدىكى مۇجتەھىدلەرنى بايان قىلدۇق. بىر دانە ئىجتىھادى بار ساھابىنىمۇ قاتقاندا مۇجتەھىد ساھابىنىڭ سانى 162 دېدۇق. ھەدىس رىۋايەت قىلغان ساھابە قانچە؟ ئىمام زەھەبى ھەدىس رىۋايەت قىلغان ساھابىنىڭ سانى 1800 گە يېتىدۇ، دەيدۇ. بۇ 1800 كىشىنىڭ ئىچىدە ئىجتىھاد قىلىپ ھۆكۈم چىقىرالايدىغان ساھابە 162. دېمەك، ھەدىس بىلگەنلىك مۇجتەھىدلىك ماقامىغا يەتكەنلىك بولمايدۇ. ئەگەر ھەدىس بىلگەنلىك مۇجتەھىد بولغانلىق بولسا ئىدى، ھەدىس رىۋايەت قىلغان ساھابىلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ مۇجتەھىد بولۇشى لازىم بولاتتى. ئۇنداق بولغىنى يوق. يەنە ئالايلى، ساھابىلەرنىڭ ئىچىدە ئەڭ كۆپ ھەدىس رىۋايەت قىلغان كىشى ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدۇر. ئۇ 5374 ھەدىس رىۋايەت قىلغان. ھەدىس رىۋايەت قىلىشتا بىرىنچى دەرىجىدە بولغان ئەبۇ ھۇرەيرە فىقھىي ئىجتىھادتا بىرىنچى دەرىجىدە ئەمەس. مەسىلەن، ھەزرىتى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ فىقھىي ئىجتىھادتا بىرىنچى دەرىجىدە بولسىمۇ، ھەدىس رىۋايەت قىلىشتا بىرىنچى دەرىجىدە ئەمەس.

بۇنىڭدىنمۇ مەلۇم بولىدۇكى، ھەدىس بىلىش ئىجتىھاد قىلىش دېگەنلىك بولمايدۇ. فىقھىي ئىجتىھاد باشقا بىر ئىشتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋەدا خۇتبىسىدە «بۇ يەردە بولغانلار، بولمىغانلارغا يەتكۈزسۇن، ئاڭلىغۇچى يەتكۈزگۈچىدىن ئالىمراق بولۇشى مۇمكىن»، دېگەن. دېمەك، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىسىنى يەتكۈزگەن كىشى فىقھىي ھۆكۈم چىقىرىدىغان ھالەتتە بولماسلىقى مۇمكىن. يەتكۈزۈلگەن كىشىنىڭ مۇھاكىمىسى كۈچلۈك ۋە چۈشىنىش قابىلىيىتى يۇقىرى بولۇشى مۇمكىن. بۇ كىشى ئۆزىگە يەتكۈزۈلگەن ھەدىسنى توغرا چۈشىنىپ، ئۇنىڭدىن ھۆكۈم چىقىرالايدۇ. مانا بۇ ھەدىسنى ئۆز لايىقىدا چۈشىنىپ توغرا ھۆكۈم چىقارلايدىغان كىشى مۇجتەھىد، ئۇنىڭغا ھەدىسنى يەتكۈزگەن كىشى ھەدىس راۋىسىدۇر. راۋى ھەدىسنى يادلاپ ساغلام بىر شەكىلدە باشقىلارغا يەتكۈزىدۇ، مۇجتەھىد ئۇ ھەدىسنى تەتقىق قىلىپ، ئۇسۇل-قائىدىنى ئىجرا قىلىپ، ئۇنىڭدىن ھۆكۈم چىقىرىدۇ. مۇجتەھىدنىڭ چىقارغان ھۆكمىنى ھۆكۈم چىقىرالمايدىغانلار ئىجرا قىلىدۇ. مەزھەپ مەسىلىسى مانا مۇشۇنىڭدىن ئىبارەتتۇر.



# شافىئىي مەزھىپىنىڭ تارىخىي تەرەققىيات باسقۇچى

تاھىرجان ئابباس

ھىجرىيەنىڭ ئىككى ئەسىر مابەينىدە (مىلادىيە 7-8-ئەسىرلەر) شەكىللەنگەن مەدىنە مەركەزلىك ھىجاز فىقھىسى ۋە كۇفە مەركەزلىك ئىراق فىقھىسىنى يېقىندىن تەتقىق قىلىش پۇرسىتىگە ئېرىشكەن[1] ھەم بۇ ئىككى يۆنىلىش ئارىسىدا ئۆزگىچە بىر سىنتېز ياراتقان ئىمام شافىئىنىڭ فىقھى دوكترىناسى ۋە بۇ يۆنىلىشتە يېتىلدۈرۈلگەن فىقھى مىراس «شافىئىي مەزھىپى» (شافىئىييە) دەپ ئاتالغان. بۇ مەزھەپكە مەنسۇپ فەقىھلەر ۋە مەزھەپنىڭ پرىنسىپلىرى بويىچە ئەمەل قىلغۇچىلار «شافىئىي» دەپ ئاتالغان. بۇ ئاتالغۇ سۈننىي فىقھى مەدرىسىلىرىنىڭ دەسلەپكى دەۋرلىرىدىن باشلاپ تونۇلغان.

بۇ مەزگىل[2] مەزھەپنىڭ مەيدانغا كېلىشى بولۇپ، كۆپىنچە ئىمام شافىئىينىڭ مۇتلەق مۇجتەھىد ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدىغان «قەۋلى قەدىم» ۋە «قەۋلى جەدىد» دەۋرلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

شۇبھىسىزكى، مەزھەپنىڭ قۇرغۇچىسى ئىمام شافىئىيدۇر. ئۇنىڭ تولۇق ئىسمى مۇھەممەد ئىبنى ئىدرىس ئىبنى ئابباس ئىبنى ئوسمان ئىبنى شافىئ ئىبنى سائىب ئىبنى ئۇبەيد ئىبنى ئابدۇ يەزىد ئىبنى ھىشام ئىبنى ئابدۇلمۇتتەلىب ئىبنى ئابدۇ مەناف ئىبنى قۇسەي بولۇپ، ھىجرىيە 150- يىلى، مىلادىيە 767- يىلى غەززەدە تۇغۇلغان.

ئىمام شافىئىي تۇغۇلۇپ ئۇزۇن ئۆتمەي دادىسى ۋاپات بولغان. ئۇنى ئانىسى ئىككى ياش ۋاقتىدىلا مەككىگە ئېلىپ كەتكەن. ئۇ يەردە ئون بەش يېشىغا توشماي تۇرۇپ قۇرئان كەرىمنى تولۇق يادلاپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ نۇرغۇن ھەدىسلىرىنى، ھەتتا ئىمام مالىكنىڭ

[1] ئىمام شافىئىي ئىلىم يولىنى باشلىغان دەۋردە، ئىلىم ساھەسىدە ئىككى چوڭ مەدرىسە ھۆكۈمران ئىدى: بىرى ئىمام ئەبۇ ھەنىفە ۋە ئۇنىڭ شاگىرتلىرى شەكىللەندۈرگەن، يىلتىزى ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇدقا تۇتىشىدىغان مەدرىسە؛ يەنە بىرى ئىمام مالىك ۋە ئۇنىڭ شاگىرتلىرى قۇرغان، يىلتىزى ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر، زەيد ئىبنى سابىت، ھەزرىتى ئائىشە ۋە ئەبۇ ھۇرەيرەگە تۇتىشىدىغان مەدرىسە.

[2] ھىجرىيە 195ـ204 / مىلادىيە 810ـ820

«مۇۋاتتا» دېگەن ئەسەرنى يادلاپ بولغان. كېيىن شېئىر ۋە ئەرەب تىلىغا قىزىقىپ، بۇ ساھەلەردە ماھىر بولغان. ھەتتا تىل ئىلمىدە ئۇستاز بولغان ئەسمائى[3] ئىمام شافىئىيدىن «دىۋانۇل-ھۇزەلىييىن»[4] ناملىق ئەسەرنى دەرس قىلىپ ئوقۇغان.

ئىمام شافىئىي شۇ دەۋردىكى مەككە مۇفتىسى مۇسلىم ئىبنى خالىد ئەز-زەنجى، داۋۇد ئەل-ئەتتار، سۇفيان ئىبنى ئۇيەينە، فۇدەيل ئىبنى ئىياد ۋە تاغىسى مۇھەممەد ئىبنى ئەلى ئىبنى شافىئ قاتارلىق كۆپلىگەن ئالىملاردىن فىقھى دەرس ئالغان. مەدىنىدە ئىمام مالىكنىڭ ئالدىنقى قاتاردىكى تالىپلىرىدىن بىرى بولغان ۋە ئۇنىڭ ۋاپاتىغىچە ئۇنىڭدىن ئىلىم ئۆگەنگەن.

كېيىن تاغىسى ئەبۇ مۇسئەب بىلەن يەمەنگە بېرىپ، مۇتەررىف ئىبنى مازىن ۋە ھىشام ئىبنى يۈسۈف ئەل-قادىدىن، باغدادتا بولسا ئىسمائىل ئىبنى ئۇلەييە، مۇھەممەد ئىبنى ھەسەن ۋە ئابدۇلۋاھھاب ئەس-سەقەفى قاتارلىق كۆپلىگەن ئالىملاردىن دەرس ئالغان بولسا، ھەنەفىي مەزھىپىنىڭ مۇھىم فىقھشۇناسلىرىدىن بىرى بولغان مۇھەممەد ئىبنى ھەسەن ئەش-شەيبانىدىن ھەنىفى فىقھى ۋە ئۇسۇلى توغرىسىدا تەلىم ئالغان.

ئۇ ھىجرىيە 195-يىللىرى ئىراقتا بىر نەچچە يىل مۇقىم تۇرۇپ مەككە، مەدىنە ۋە يەمەندە ئىگىلىگەن ئىلمىي بىلىملىرى نەتىجىسىدە فىقھىدا «كىتابۇل-ھۇججە» ۋە ئۇسۇلدا «ئەر-رىسالە ئەل-ئىراقىييە» ناملىق مۇھىم ئىككى ئەسەر يازغان. دەرس ھالقىلىرىنى قۇرۇپ تەلىم-تەربىيە پائالىيەتلىرى بىلەن شۇغۇللانغان. فىقھى ۋە ئۇسۇلغا دائىر يازغان ئەسەرلىرى ۋە قىلغان ئىجتىھادلىرى، «قەۋلى قەدىم» (يەنى مەزھەپى قەدىم) دەپ ئاتالغان.

«ئەل-ھۇججە» ناملىق ئەسەرنىڭ ئەڭ كۈچلۈك راۋىيلىرى زەئفەرانى ۋە كەرابىسى بولۇپ، قەۋلى قەدىم كۆزقاراشلىرىنىڭ راۋىيلىرى ئارىسىدا ئەھمەد ئىبنى ھەنبەل ۋە ئەبۇ سەۋرمۇ بار. شۇنىڭدەك ئەبۇ سەۋر، ئىبراھىم ئىبنى خالىد ئەل-باغدادى، ھۈسەيىن ئىبنى ئەلى ئەل-كەرابىسى ۋە ھەسەن ئىبنى مۇھەممەد ئەس-ساباھ ئەز-زەئفەرانى ئالدىنقى قاتاردىكى شاگىرتلىرى بولغان.

ئىمام شافىئىي ھىجرىيە 197 (مىلادىيە 812) - يىلى باغداتتىن ئايرىلىپ مەككىگە بارغان، ئۇ يەردە بىر يىل تۇرغاندىن كېيىن 198-يىلى قايتا باغداتقا قايتقان. 199(م.814)-يىلىنىڭ ئاخىرلىرىدا

[3] ئەسمائى مىلادىيە 828-يىلى تۇغۇلغان شەھىرى بەسرەدە ۋاپات بولغان. بەزى مەنبەلەر ئۇنىڭ ۋاپات بولغان يىلىنى 831-يىل دەپمۇ كۆرسەتكەن. ئەسمائى ئەرەب تىلى ۋە ئەدەبىياتىغا قوشقان تۆھپىلىرى بىلەن تونۇلغان مۇھىم ئالىمدۇر.

[4] دىۋانۇل-ھۇزەيلىيىن كىتابى جاھىلىيەت دەۋرى ۋە كۆپىنچە ئىسلام دەۋرىگە تەۋە بولغان 120 شائىرنىڭ 380 پارچە شېئىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ كىتاب دەسلەپتە ج. گ. كوسېگارتېن تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان.

بەزى ئىجتىمائىي ۋە سىياسىي سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن مىسىرغا كۆچۈپ كەلگەن.

مىسىر بىلەن ئىراقنىڭ ئۆرپ-ئادەتلىرىنىڭ پەرقلىق بولۇشى، قىياس نەزەرىيەسىگە بولغان كۆزقارىشىنىڭ ئۆزگىرىشى ۋە ئىلگىرى ئۇچرىمىغان ھەدىسلەر بىلەن تونۇشۇشى قاتارلىق سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، شافىئىي ئىراقتا بەرگەن بەزى پەتىۋالىرىدىن ۋاز كېچىپ، فىقھى ۋە ئۇسۇل ئىلمىگە دائىر «ئەل-ئۇم»، «ئەل-ئىملا» ۋە «ئەر-رىسالە ئەل-جەدىدە» قاتارلىق ئەسەرلەرنى يېزىپ، «قەۋلى جەدىد» دەپ تونۇلغان يېڭى مەزھىپىنى شەكىللەندۈرگەن.

ئىمام شافىئىينىڭ «قەۋلى جەدىد» كۆزقاراشلىرىنى رىۋايەت قىلغانلار: بۇۋەيتى، مۇزەنى، رەبىئ ئەل-مۇرادى، رەبىئ ئەل-جىزى، ھەرمەلە ئىبنى يەھيا ۋە مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇللاھ ئىبنى ئابدۇلھەكەمدۇر. بۇۋەيتى، مۇزەنى ۋە رەبىئ ئەل-مۇرادى شافىئىينىڭ مەزھەپى جەدىد دەۋرىدە يازغان ئەسەرلىرىنى بىزنىڭ دەۋرىمىزگىچە يەتكۈزگەن. بۇلاردىن باشقا نۇرغۇن شاگىرت يېتىشتۈرگەن ئىمام شافىئىينىڭ مەزھىپى ئۆز شاگىرتلىرى ئارقىلىق ئىسلام دۇنياسىغا تارقالغان.

نەتىجىدە، شافىئىي مەزھىپىنىڭ قۇرۇلۇش باسقۇچى ئىككى ئاساسىي دەۋرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ: بىرىنچىسى، ھىجرىيە 195-199 (مىلادىيە 810-814) يىللار ئارىسىدا ئىراقتا تۇرغان مەزگىلدە ئۇستازى مالىك ئىبنى ئەنەسنىڭ ئۇسۇل ۋە فۇرۇئىدىن مۇستەقىل ھالدا ئۆزىنىڭ كۆزقاراشلىرىنى ئوتتۇرىغا قويغان مەزھەپى قەدىمدۇر. ئىككىنچىسى، ھىجرىيە 199-204 (مىلادىيە 814-819) يىللار ئارىسىدا مىسىردا تۇرغان مەزگىلدە بەزى قەدىم كۆزقاراشلىرىدىن ۋاز كېچىپ تۈزىتىش ئېلىپ بارغان مەزھەپى جەدىددۇر.

**مەزھەپنىڭ يەتكۈزۈلۈشى، رىۋايەت قىلىنىشى ۋە مۇقىملىشىشى**

بۇ باسقۇچ ئىككى ئاساسىي مەزگىلنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ:

بىرىنچى مەزگىل: ئىمام شافىئىينىڭ ۋاپاتىدىن (يەنى ھىجرىيە 204-يىلىدىن) 270-يىلىغىچە بولغان مەزگىل بولۇپ، بۇ مەزھەپنىڭ يەتكۈزۈلۈشى ۋە رىۋايەت قىلىنىش مەزگىلى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ مەزگىلدە ئىمام شافىئىينىڭ مىسىرلىق شاگىرتلىرى ئۇنىڭ يېڭى مەزھىپىنى رىۋايەت قىلغان، ئۆز ئەسەرلىرىدە نەقىل كەلتۈرگەن ۋە باشقا فىقھى مەزھەپلەرنىڭ ئەگەشكۈچىلىرىگە تونۇشتۇرغان.

ئىككىنچى مەزگىل: ھىجرىيە 270-يىلىدىن 505-يىلىغىچە بولغان مەزگىل بولۇپ، بۇ مەزھەپنىڭ مۇقىملىشىش ۋە ئۆزىنىڭ فەقىھلىرى

ھەم ئەسەرلىرى بىلەن مۇستەقىل ھالدا نامايان بولۇش مەزگىلى.

ھىجرىيەنىڭ تۆتىنچى ۋە بەشىنچى ئەسىرلىرىدە شافىئىي فىقھىسىدا ئىككى خىل يېزىش ئۇسلۇبى مەيدانغا كەلگەن: بىرىنچىسى ئىراقلىقلارنىڭ ئۇسلۇبى، ئىككىنچىسى خۇراسانلىقلارنىڭ ئۇسلۇبى. ئىمام نەۋەۋى بۇ ئىككى ئۇسلۇبنى سېلىشتۇرۇپ مۇنداق دېگەن: «بىلگىنكى، ئىراقلىق ئالىملىرىمىزنىڭ شافىئىينىڭ سۆزلىرىنى، مەزھەپ قائىدىلىرىنى ۋە ئىلگىرىكى ئالىملىرىمىزنىڭ كۆزقاراشلىرىنى نەقىل كەلتۈرۈشى خۇراسانلىقلارنىڭكىدىن كۆپىنچە تېخىمۇ ئىشەنچلىك ۋە مۇستەھكەم، ئەمما خۇراسانلىقلار كۆپىنچە تەھلىل قىلىش، تەتقىق قىلىش، مەسىلىلەرنى تارماقلاندۇرۇش ۋە تەرتىپكە سېلىشتا ياخشىراق.»

ئىراقلىقلار ئۇسلۇبىنىڭ داڭلىق ئالىملىرىدىن: ئىمام ئەبۇ ھامىد ئىسفىرايىنى[5]، قازى ئەبۇ تەيىب تەبەرى[6] ، ئىمام ئەبۇل ھەسەن ماۋەردى[7] ۋە باشقىلار.

خۇراسانلىقلار ئۇسلۇبىنىڭ داڭلىق ئالىملىرىدىن: كىچىك قەففال دەپ تونۇلغان ئىمام ئەبۇ بەكرى مەرۋەزى[8]، ئىمام ئەبۇ مۇھەممەد جۇۋەينى[9] (ئىمامۇل ھەرەمەين ئەبۇل مەئالى جۇۋەينىنىڭ دادىسى)، قازى ھۈسەين[10] قاتارلىقلاردۇر.

كېيىن بەزى فەقىھلار بۇ ئىككى ئۇسلۇبنى: ئىشەنچلىكلىك ۋە تەرتىپلىكنى بىرلەشتۈرگەن. ئۇلاردىن: ئىمام فەخرۇل ئىسلام ئەبۇل مەھاسىن رۇيانى[11]، ئىبنۇس سابباغ[12]، ئىمامۇل ھەرەمەين جۇۋەينى[13]، ئەبۇ بەكرى شاشى[14] ۋە ھۆججەتۇل ئىسلام غەززالى[15] قاتارلىقلار.

ئۈچىنچى باسقۇچ: مەزھەپنى تەڭشەش ۋە تەھرىرلەش

بۇ باسقۇچ ئىمام غەزالىنىڭ ۋاپاتىدىن ئىمام شەمسىددىن رەملىنىڭ ۋاپاتىغىچە[16] بولغان مەزگىلنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ مەزگىل ئۈچ باسقۇچنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ:

بىرىنچى باسقۇچ: ھىجرىيە 505-يىلىدىن 676-يىلىغىچە بولغان باسقۇچ بولۇپ، بۇ باسقۇچ ئىمام شافىئىي مەزھىپىنى تەڭشەشنىڭ باشلىنىشى ھېسابلىنىدۇ. بۇ بىرىنچى تەڭشەش دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ باسقۇچتا ئىككى

[5] (ھ.406-يىلى ۋاپات بولغان)
[6] (ھ.450-يىلى ۋاپات بولغان)
[7] (ھ.450-يىلى ۋاپات بولغان)
[8] (ھ.416-يىلى ۋاپات بولغان)

[9] (ھ.438-يىلى ۋاپات بولغان)
[10] (ھ.462-يىلى ۋاپات بولغان)
[11] (ھ.501-يىلى ۋاپات بولغان)
[12] (ھ.477-يىلى ۋاپات بولغان)
[13] (ھ.478-يىلى ۋاپات بولغان)
[14] (ھ.505-يىلى ۋاپات بولغان)
[15] (ھ.505-يىلى ۋاپات بولغان)
[16] (ھ.1004-يىلى ۋاپات بولغان)

ئىمام: ئەبۇل قاسىم رافىئى[17] ۋە مۇھىيىددىن نەۋەۋىنىڭ[18] شافىئىي مەزھىپىنى تەكشۈرۈش ۋە تەھرىرلەش تىرىشچانلىقلىرى كۆرۈلىدۇ. ئىمام رافىئىنىڭ مەزھەپنى تەكشۈرۈشتىكى رولى ئىمام غەزالىينىڭ «ۋەجىز» كىتابىدىن ئېلىنغان «مۇھەررەر» كىتابىنى يېزىش ئارقىلىق كۆرۈنگەن بولۇپ، بۇ كىتاب شافىئىي مەزھىپىدىكى مەزھەپ قارىشىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشتە تايانچ بولغان. كېيىن ئۇ «ۋەجىز»نى شەرھلەپ «ئەل-ئەزىز شەرھۇل-ۋەجىز» دېگەن ئېنسىكلوپېدىك كىتابنى يازغان.

ئىككىنچى باسقۇچ: ھىجرىيە 676-يىلىدىن ھىجرىيە 926-يىلىغىچە، يەنى ئىمام نەۋەۋىنىڭ ۋاپاتىدىن شەيخۇل-ئىسلام زەكەرىيا ئەنسارىينىڭ[19] ۋاپاتىغىچە بولغان مەزگىل. بۇ باسقۇچ شافىئىي مەزھىپىدىكى ئىككىنچى تەكشۈرۈشكە تەييارلىق قىلغان تىرىشچانلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ مەزگىلدە شافىئىي ئۆلىمالىرىدىن كۆپلىگەن داڭلىق ئالىملار يېتىشىپ چىققان بولۇپ، ئۇلارنىڭ تىرىشچانلىقلىرى ئاساسلىقى رافىئى ۋە نەۋەۋى ئىككى ئىمامنىڭ كىتابلىرىنى ۋە ئۇلاردىن ئىلگىرىكى ئالىملارنىڭ كىتابلىرىنى شەرھلەش ۋە ھاشىيە يېزىشقا قارىتىلغان.

[17] (ھ. 623-يىلى ۋاپات بولغان)
[18] (ھ. 676-يىلى ۋاپات بولغان)
[19] (ھ. 926-يىلى ۋاپات بولغان)

بۇ باسقۇچنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىدىن بىرى فىقھى ئۇسۇلى ساھەسىدە، بولۇپمۇ تەخرىج كىتابلىرىدا كۆپلەپ ئەسەرلەرنىڭ يېزىلىشى بولۇپ، بۇلارنىڭ ئىچىدە ئىمام شىھابۇددىن زەنجانى[20] ۋە جامالۇددىن ئىسنەۋىنىڭ[21] «تەخرىجۇل-فۇرۇئ ئەلەل-ئۇسۇل» ناملىق كىتابلىرى بار. شۇنداقلا فىقھى قائىدىلەر ھەققىدىمۇ نۇرغۇن ئەسەرلەر يېزىلغان بولۇپ، شافىئىي مەزھىپى بۇ جەھەتتە باشلامچى بولغان. بۇ ساھەدىكى مەشھۇر كىتابلار:

1. ئىمام سەدرۇددىن ئىبنۇل-ۋەكىلنىڭ[22] «ئەل-ئەشباھ ۋەن-نەزائىر» دېگەن ئەسىرى
2. ئىمام تاجۇددىن سۇبكىنىڭ[23] «ئەل-ئەشباھ ۋەن-نەزائىر» دېگەن ئەسىرى
3. ئىمام تەقىيۇددىن ھىسنىنىڭ[24] «ئەل-قەۋائىد» دېگەن ئەسىرى
4. ئىمام جالالۇددىن سۇيۇتىنىڭ[25] «ئەل-ئەشباھ ۋەن-نەزائىر» دېگەن ئەسىرى

ئۈچىنچى باسقۇچ: ھىجرىيە 926-يىلىدىن 1004-يىلىغىچە بولغان مەزگىل. بۇ باسقۇچ

[20] (ھ. 656-يىلى ۋاپات بولغان)
[21] (ھ. 772-يىلى ۋاپات بولغان)
[22] (ھ. 716-يىلى ۋاپات بولغان)
[23] (ھ. 771-يىلى ۋاپات بولغان)
[24] (ھ. 829-يىلى ۋاپات بولغان)
[25] (ھ. 911-يىلى ۋاپات بولغان)

ئىمام شافىئىي مەزھىپىنىڭ ئاخىرقى تەھرىرلەش باسقۇچى بولۇپ، ئىككىنچى تەھرىر دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ ئىككى ئىمام: ئىبنى ھەجەر ھەيتەمىي[26] ۋە شەمسىددىن رەملىينىڭ[27] تىرىشچانلىقىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۇلار بىرىنچى تەھرىر ئىماملىرىنىڭ خىزمىتىگە ئاساسلانغان.

تۆتىنچى باسقۇچ: بىرىنچى ۋە ئىككىنچى تەھرىرلەرگە خىزمەت قىلىش دەۋرى (ھىجرىيە 1004-1335)

بۇ باسقۇچتا مەزھەپ كىتابلىرىغا خىزمەت قىلىش ئاساسلىق بولۇپ، مەزھەپ تەھرىرلەنگەندىن كېيىن، ئۇنى قايتا تەكشۈرۈپ تەھرىرلەش، تەخرىج قىلىش ياكى تەرجىمە قىلىش ئاز بولغان. بۇ مەزگىلدە ئالدىنقى ئىماملارنىڭ ئەسەرلىرىگە ھاشىيە يېزىش كۆپەيگەن.

## شافىئىي مەزھەپىنىڭ ئىستىنبات ئۇسۇللىرى

ئىمام شافىئىي ئۆز دەۋرىدىكى ئىدۋيي قالايمىقانچىلىقنىڭ دىننى تەپسىر ئارقىلىق بۇرمىلىشىغا ئېلىپ بېرىشىدىن ئەندىشە قىلىپ، ئىجتىھات ئۈچۈن مۇئەييەن قانۇنىيەت ئىسخېمىسى تۈزۈش ۋە دىنىي مەسىلىلەرنى ئوبيېكتىپ ئۆلچەملەر ئاساسىدا مۇھاكىمە قىلىش ئىمكانىيىتى يارىتىدىغان بىر مېتودولوگىيە يېتىلدۈرۈشكە تىرىشقان. ئۇنىڭ بۈگۈنگىچە يېتىپ كەلگەن تۇنجى ئۇسۇل-فىقھى ئەسىرى «ئەر-رىسالە» ۋە بۇ ساھەدىكى باشقا ئەسەرلىرى، ئاساسەن ئۇسۇلغا ئائىت كۆن تەرتىپنى بېكىتىشنى نىشان قىلغان. كېيىنكى جەريان بۇ ئەسەرلەردە تىلغا ئېلىنغان خەۋەر-ى ۋاھىد، ساھابە سۆزى، ئىجما، مەدىنە ئەھلىنىڭ ئەمەلىيىتى، قىياس، ئىستىھسان، ناسىخ-مەنسۇخ، ئومۇم-خۇسۇس ۋە بۇيرۇق-چەكلىمە قاتارلىق ئۇسۇلغا ئائىت تېمىلارنىڭ ئايرىم-ئايرىم تەتقىق قىلىنىشى يۆنىلىشىدە راۋاجلانغان.

دېمەك، ئىمام شافىئىي فىقھى ئۇسۇلى ھەققىدە تۇنجى كىتاب يازغان كىشى بولۇپ، ئۇنىڭ «رىسالە» ناملىق مەزكۇر كىتابى بۇ پەندە بىزگە يەتكەن تۇنجى ئەسەردۇر. ئىمام شافىئىي ئۆز مەزھىپىنىڭ ئۇسۇللىرىنى يېزىپ قالدۇرغان بولۇپ، ئۇ بۇلارنى «رىسالە» ۋە «ئەل-ئۇم» دېگەن ئىككى كىتابىدا تەپسىلىي بايان قىلغان.

ئىمام شافىئىي ئۆزىنىڭ «ئەل-ئۇم» دېگەن كىتابىدا مۇنداق دېگەن: «ھۆججەت پەقەت قۇرئان، سۈننەت، ساھابىلەرنىڭ ئەسەرلىرى، مۇسۇلمانلارنىڭ ئىجماسى ياكى بۇلارنىڭ مەنىسىگە قىياس قىلىشتىن ئىبارەتتۇر.» ئۇ يەنە مۇنداق دېگەن: «ئىلىم ئىككى خىل:

[26] (ھ. 974-يىلى ۋاپات بولغان)
[27] (ھ. 1004-يىلى ۋاپات بولغان)

ئەگىشىش ۋە ئىستىنبات قىلىش. ئەگىشىش قۇرئانغا، ئۇ بولمىسا سۈننەتكە، ئۇ بولمىسا سەلەپلەرنىڭ ئىجماسىغا، ئۇ بولمىسا قۇرئانغا قىياس قىلىشقا، ئۇ بولمىسا سۈننەتكە قىياس قىلىشقا، ئۇ بولمىسا سەلەپلەرنىڭ ئىجماسىغا قىياس قىلىشقا ئەگىشىشتۇر.»

بىرىنچى ئاساس: قۇرئان كەرىم

شافىئىي نەزىرىدە قۇرئان كەرىم دىنىنىڭ ئاساسى ۋە قانۇن چىقىرىشنىڭ بىرىنچى مەنبەسىدۇر. ئۇ مۇنداق دېگەن: «ئاللاھنىڭ دىنىغا ئېتىقاد قىلغۇچىلارغا كەلگەن ھەرقانداق مەسىلىدە، ئاللاھنىڭ كىتابىدا توغرا يولنى كۆرسىتىدىغان دەلىل-ئىسپات بار.» ئۇ يەنە چۈشەندۈرۈپ مۇنداق دېگەن: «ھېچكىم ھەقىقەتنى بىلمەي تۇرۇپ ھۆكۈم چىقىرىشقا بۇيرۇلمايدۇ. ھەقىقەت پەقەت ئاللاھتىن كەلگەن ئوچۇق بايان ياكى ئاللاھنىڭ كۆرسەتمىسى ئارقىلىقلا بىلىنىدۇ. ئاللاھ ھەقىقەتنى ئۆزىنىڭ كىتابىدا، ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننىتىدە بايان قىلغان. شۇڭا ھەرقانداق مەسىلىدە كىتاب (قۇرئان) ئوچۇق ياكى ئومۇمىي شەكىلدە يول كۆرسىتىدۇ.»

ئىككىنچى ئاساس: سۈننەت

ئىمام شافىئىي بەزىدە سۈننەتنى ئەمەل قىلىش جەھەتتە قۇرئان كەرىم بىلەن بىر دەرىجىدە قويۇپ مۇنداق دەيدۇ: «ئىلىم ھەرخىل دەرىجىلەردىن تۈزۈلگەن بولۇپ، بىرىنچى دەرىجە كىتاب (قۇرئان) ۋە ئىسپاتلانغان سۈننەتتۇر...» بەزىدە ئۇلارنى ئىككى دەرىجىگە ئايرىپ، بىرىنچىسى كىتاب (قۇرئان)، ئىككىنچىسى سۈننەت دەپ كۆرسىتىپ: «ئەگىشىش دېگەنلىك كىتابقا ئەگىشىش، ئەگەر كىتابتا تېپىلمىسا، سۈننەتكە ئەگىشىشتۇر» دەيدۇ. ئېنىقكى، ئۇ سۈننەتنىڭ قۇرئان كەرىمنى چۈشەندۈرىدىغان ۋە تەپسىلىيلەشتۈرىدىغان رولىنى تەكىتلىمەكچى بولغان.

شۇنداق قىلىپ، سۈننەت قۇرئان بىلەن ئەمەل قىلىش جەھەتتە بىر دەرىجىدە، ئەمما مۇراجىئەت قىلىش جەھەتتە ئىككىنچى دەرىجىدە تۇرىدۇ. شافىئىي سۈننەتنى قوبۇل قىلىشنىڭ زۆرۈرلۈكى ئاللاھنىڭ قۇرئاندا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئىتائەت قىلىشنى پەرز قىلغانلىقىدىن كېلىپ چىققان دەپ قارايدۇ. ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «ئاللاھ ئۆز كىتابىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئىتائەت قىلىشنى ۋە ئۇنىڭ ھۆكمىگە بويسۇنۇشنى پەرز قىلغان. كىمكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن كەلگەننى قوبۇل قىلسا، ئۇ ئاللاھنىڭ پەرزى بويىچە قوبۇل قىلغان بولىدۇ.»

ئۈچىنچى ئاساس: قۇرئان ۋە ھەدىستە بايان قىلىنمىغان مەسىلىلەردە ئىجما (بىرلىككە كېلىش )

ئىمام شافىئىي ئىجمانىڭ دەلىل بولىدىغانلىقىنى ۋە ئۇنىڭ قۇرئان ۋە ھەدىستىن كېيىنكى ئۈچىنچى ئورۇندا تۇرىدىغانلىقىنى بېكىتكەن. ئۇ بۇنىڭغا ئاللاھ تائالانىڭ: «كىمكى ئۆزىگە توغرا يول ئېنىق بولغاندىن كېيىن، پەيغەمبەرگە قارشىلىق قىلىدىكەن ۋە مۆمىنلەرنىڭ يولىدىن باشقا يولغا ئەگىشىدىكەن، ئۇنى ئۆزى تۇتقان يولدا قويۇپ قويىمىز ۋە جەھەننەمگە كىرگۈزىمىز، ئۇ نېمىدېگەن يامان جاي!»[28] دېگەن ئايىتىنى دەلىل قىلغان.

تۆتىنچى ئاساس: قارشى پىكىر بولمىغان ئەھۋالدا ساھابە كىراملارنىڭ سۆزلىرى

ئىمام شافىئىينىڭ ئۇسۇلىدا، بىرەر مەسىلىدە قۇرئان كەرىم، ھەدىسى شەرىف ياكى ئىجما تېپىلمىسا، ساھابە كىراملارنىڭ سۆزى دەلىل بولىدۇ. ئۇ «ئەل-ئۇم» ناملىق ئەسىرىدە مۇنداق دەيدۇ:

«قۇرئان ۋە ھەدىس مەۋجۇت بولغان ئەھۋالدا، ئۇلارنى ئاڭلىغان كىشىنىڭ ئۇلارغا ئەگەشمەسلىكىگە ھېچقانداق ئۆزرىسى يوقتۇر. ئەگەر بۇلار تېپىلمىسا، رەسۇلۇللاھنىڭ ساھابىلىرىنىڭ سۆزلىرىگە ياكى ئۇلاردىن بىرىنىڭ سۆزىگە مۇراجىئەت قىلىمىز. ئەبۇ بەكرى، ئۆمەر ياكى ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇلارنىڭ سۆزى - تەقلىد قىلىشقا توغرا كەلگەندە - بىزگە ئەڭ مۇۋاپىق كۆرۈلگىنىدۇر. بۇمۇ پەقەت ئىختىلاپلىق مەسىلىلەردە قۇرئان ۋە ھەدىسكە ئەڭ يېقىن بولغان كۆزقاراشنى كۆرسىتىدىغان بىرەر دەلىل تاپالمىغان ۋاقىتتا شۇنداق بولىدۇ. بۇنداق ئەھۋالدا، دەلىل-پاكىتقا ئىگە بولغان سۆزگە ئەگىشىمىز.»

ئىمام شافىئىي بۇ ئاساسنى ئالدىنقى ئۈچ ئاساس (قۇرئان، ھەدىس ۋە ئىجما)تىن كېيىن، قىياستىن بۇرۇن كەلتۈرگەن. ئەمما ساھابىلەر ئارىسىدا ئىختىلاپ يۈز بەرگەن مەسىلىلەردە، ئۇلارنىڭ سۆزلىرىدىن قۇرئانغا، ئاندىن سۈننەتكە، ئاندىن قىياسقا ئەڭ مۇۋاپىق كېلىدىغىنىنى تاللايدۇ.

بەشىنچى ئاساس: قىياس

ئىمام شافىئىينىڭ فىقھى ئۇسۇلىدا «قىياس»بەشىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ. ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «فىقھشۇناس يۇقىرىقى مەنبەلەردىن ھېچقايسىسىنى تاپالمىغاندا، شەرئىي ھۆكۈمنى تونۇش ئۈچۈن ئىجتىھات قىلىشى كېرەك. «ئىجتىھات» ۋە «قىياس» بىر مەنىنى ئىپادىلەيدىغان ئىككى ئاتالغۇدۇر».

ئۇ يەنە دەلىللەر ئارىسىدىكى قىياسنىڭ ئورنىنى چۈشەندۈرۈپ مۇنداق دەيدۇ: «قۇرئان، سۈننەت، ئىجما ۋە ئەسەرلەر (ساھابە كىراملارنىڭ سۆزى) دىن كېيىنكى بىلىم يولى مەن تەسۋىرلىگەن قىياستۇر.»

[28] سۈرە نىسا، 115 ـ ئايەت.

شافىئىي مەزھىپى ئۆزىنىڭ ھۆكۈم چىقىرىش ۋە دەلىل كەلتۈرۈش ئۇسۇللىرىدا ئومۇمەن ئىمام شافىئىي بەلگىلىگەن پرىنسىپلارغا تايىنىدۇ. بىراق، شافىئىي مەزھىپىنىڭ كۆزقاراشلىرى چوقۇم ئىمام شافىئىينىڭ شەخسىي كۆزقاراشلىرى بىلەن بىردەك بولۇشى شەرت ئەمەس. مەزھەپ بەزىدە ئىمام شافىئىينىڭ قارارىغا ئوخشىمايدىغان قاراشلارنى كۈچكە ئىگە قىلغان بولسىمۇ، ئەمما ئاساسىي پرىنسىپلار ۋە دەلىل كەلتۈرۈش ئۇسۇللىرى ئوخشاش. رافىئىي ۋە نەۋەۋى (شەيخەين) دېگەندە ئىسلام دىنىدىكى ئىككى مۇھىم ئالىم كۆزدە تۇتۇلىدۇ:

## شافىئىي مەزھىپىنىڭ پەتىۋا ئۇسۇلى

رافىئىي[29] ۋە نەۋەۋى[30] (شەيخەين) دىن ئىلگىرىكى كىتابلاردىكى پىكىرلەر، مەزھەپنىڭ كۈچلۈك قارىشى ئىكەنلىكى ئېنىق بولمىغىچە ئېتىبارغا ئېلىنمايدۇ. شەيخەيننىڭ بىردەك پىكرى ئەڭ ئىشەنچلىك سانىلىدۇ. ئۇلار ئىختىلاپلاشقان مەسىلىلەردە، پىكىرلەرنى سېلىشتۇرۇش ئىمكانىيىتى بولمىسا، نەۋەۋىنىڭ پىكرى ئېتىبارغا ئېلىنىد ۇ .

نەۋەۋىنىڭ ئەسەرلىرى تۆۋەندىكى تەرتىپتە ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ:

1. «ئەت-تەھقىق»
2. «ئەل-مەجمۇئ»
3. «ئەت-تەنقىھ»
4. «رەۋزەتۇت-تالىبىن»
5. «مىنھاجۇت-تالىبىن»
6. «شەرھۇ مۇسلىم»
7. «تەسھىھۇت-تەنبىھ»
8. «ئەن-نۇكەت»

نەۋەۋى پىكىر بايان قىلمىغان مەسىلىلەردە، تەرجىھ ئەھلى دەرىجىسىدىكى مۇپتى، مەزھەپ ئالىملىرىنىڭ كۈچلۈك دەپ قارىغان پىكرى بويىچە پەتىۋا بېرەلەيدۇ. مۇپتى ئۆزى كۈچلۈك دەپ قارىسىمۇ، مەزھەپ ئالىملار ئاجىز دەپ قارىغان پىكىر بويىچە پەتىۋا بېرەلمەيدۇ. چۈنكى ئۇنىڭدىن ئۆزىنىڭ ئەمەس، مەزھەپنىڭ كۈچلۈك پىكرى سورالماقتا. ئەمما مۇپتى مەزھەپ ئالىملىرى تەرىپىدىن كۈچلۈك دەپ قارالغان پىكىرنىڭ ئاجىز ئىكەنلىكىنى دەلىللىگەن بولسا، مۇپتىنىڭ پىكرىگە ئەمەل قىلىشقا بولىدۇ.

مۇپتى تەرجىھ ئەھلىدىن بولمىغان ئەھۋالدا، مىسىر رايونىدىكى شافىئىي

---

[29] ئىمام رافىئى (1160ـ1226): تولۇق ئىسمى: ئابدۇلكەرىم ئىبنى مۇھەممەد ئەر-رافىئى، شافىئى مەزھىپىنىڭ چوڭ ئالىملىرىدىن، «فەتھۇل ئەزىز» ناملىق مەشھۇر ئەسەرنىڭ مۇئەللىپى، فىقھى ئىلمىدە چوڭقۇر بىلىمگە ئىگە بولغان.

[30] ئىمام نەۋەۋى (1233ـ1277): تولۇق ئىسمى: يەھيا ئىبنى شەرەف ئەن-نەۋەۋى، ھەدىس ۋە فىقھى ئالىمى، «رىيادۇس سالىھىن» ۋە «ئەل-ئەزكار» قاتارلىق مەشھۇر كىتابلارنىڭ مۇئەللىپى، شافىئى مەزھىپىنىڭ ئەڭ مۆتىۋەر ئالىملىرىدىن

بۇ ئىككى ئالىم شافىئى مەزھىپىدىكى ئەڭ مۆتىۋەر ئالىملار بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرى ۋە پىكىرلىرى ئىسلام دۇنياسىدا كەڭ تارقالغان ۋە ئېتىراپ قىلىنغان. «شەيخەين» دېگەن ئاتالغۇ ئۇلارنىڭ ئىلمىي ئورنى ۋە ھۆرمىتىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

ئۆلىمالىرى شەمسەددىن رەملىنىڭ ئەسەرلىرىگە، بولۇپمۇ «نىهايەتۇل-مۇھتاج»غا تايىنىدۇ. بۇ ئەسەر 400 گە يېقىن ئالىمنىڭ ئالدىدا ئوقۇلۇپ، تەنقىد ۋە تۈزىتىش قىلىنغانلىقتىن، توغرىلىق جەھەتتىن مۇتىۋاتىر دەرىجىسىگە يەتكەن.

حادرامۇت، شام، داغىستان شافىئىي ئۆلىمالىرى ۋە كۇرد ئالىملىرى، شۇنداقلا يەمەن ۋە ھىجاز ئۆلىمالىرىنىڭ كۆپچىلىكى ئىبنى ھەجەر ئەل-ھەيتەمىينىڭ تۆۋەندىكى ئەسەرلىرىدىكى كۆزقاراشلارنى ئىشەنچلىك دەپ قارايدۇ:

1. «تۇھفەتۇل-مۇھتاج»
2. «فەتهۇل-جەۋاد»
3. «ئەل-ئىمداد فى شەرھىل-ئىرشاد»
4. «فەتاۋا شەرھۇل-ئۇباب»

كېيىنكى دەۋرلەردە مەزھەپ ئىچىدە رەملىي ۋە ئىبنى ھەجەرنىڭ كۆزقاراشلىرى ئارىسىدا ئايرىمچىلىق قىلماسلىقتا تىرىشىلغان. شۇڭا «نىهايە» ۋە «تۇھفە»گە زىت كېلىدىغان ھۆكۈم چىقىرىشقا بولمايدىغانلىقى پرىنسىپ قىلىپ بېكىتىلگەن. بۇ ئىككى ئەسەردە تىلغا ئېلىنمىغان مەسىلىلەردە تۆۋەندىكى ئەسەرلەردىكى كۆزقاراشلار بويىچە پەتىۋا بېرىشكە بولىدۇ:

1. زەكەرىييا ئەل-ئەنسارىينىڭ «شەرھۇل-بەھجە» ۋە «مەنهەجۇت-تۇللاب»
2. خەتىب ئەش-شىربىنىينىڭ «مۇغنىل-مۇھتاج»
3. «ھاشىيەتۇز-زىيادىي»
4. «ھاشىيەتۇ ئىبنى قاسىم»
5. «ھاشىيەتۇ ئۇمەيرە»
6. «ھاشىيەتۇش-شەبراملىسىي»
7. «ھاشىيەتۇل-ھەلەبىي»
8. «ھاشىيەتۇش-شەۋبەرىي»
9. «ھاشىيەتۇل-ئەنانىي»

## شافىئىي مەزھىپىنىڭ فىقھى ئۇسۇلى

ئىمام شافىئىينىڭ «ئەر-رىسالە» ئەسىرى ئىسلام ھوقۇق تارىخىدا بۈگۈنگىچە يېتىپ كەلگەن تۇنجى فىقھى ئۇسۇلى ئەسىرىدۇر. شافىئىي ئۇسۇل مەسىلىلىرىنى تۆۋەندىكى ئەسەرلىرىدە مۇزاكىرە قىلغان:

ئۇنىڭ ئۇسۇل مەسىلىلىرىگە بېغىشلىغان ئەسەرلىرى:

- «ئەررىسالە»
- «جىمائۇل ئىلم»
- «ئىبتالۇل ئىستىهسان»
- «بەيانۇ فەرزىللاھ»
- «سىفەتۇل ئەمر ۋەن نەھيى»
- «ئىختىلافۇل ھەدىس»

ئىختىلاپ مەسىلىلىرىگە دائىر ئەسەرلىرى:

- «ئىختىلافۇ مالىك ۋەششافىئىي»
- «ئىختىلافۇل-ئىراقىييەين»
- «ئەررەددۇ ئەلا مۇھەممەد ئىبنۇل ھەسەن»
- «ئىختىلافۇ ئەلى ۋە ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد»
- «سىيەرۇل ئەۋزائى»

بۇنىڭدىن باشقا، فۇرۇئ ساھەسىدىكى ئاساسىي ئەسىرى «ئەل-

ئۇم»دىمۇ ئۇسۇلغا دائىر مەلۇماتلار ئۇچرايدۇ. شافىئىينىڭ «ئەر-رىسالە» ئەسىرى شەرقشۇناسلارنىڭمۇ دىققىتىنى تارتقان مۇھىم ئەسەردۇر.

## شافىئىي مەزھىپىنىڭ تەرەققىياتى

ئىبنى سۇرەيجدىن[31] باشلانغان دەۋردە، شافىئىي مەزھىپىگە مەنسۇپ فىقھشۇناسلار ھەم مەزھەپ ئىچىدە ھەم سىرتقا قارىتىلغان ئىلمىي پائالىيەتلەرنى ئېلىپ باردى. مەزھەپ ئىچىدىكى دەرس بېرىش جەريانىدا، ئۇستازلار ئۆزىنىڭ ياكى ئىلگىرىكى ئالىملارنىڭ تېكىستلىرىنى شۇ دەۋرگىچە توپلانغان بىلىملەر ئاساسىدا چۈشەندۈرەتتى. ئوقۇغۇچىلار بۇ دەرسلەردە «تەئلىق» دەپ ئاتىلىدىغان دەرس خاتىرىلىرىنى تۇتاتتى، بۇ خاتىرىلەر كېيىنكى ئەسەرلەرنىڭ ئاساسىي مەنبەسى بولۇپ قالدى.

ئەسەر يېزىش جەھەتتە، مۇزەنىينىڭ «ئەل-مۇختەسەر» ناملىق كىتابىنى شەرھىيلەش ئاساسلىق يۆنىلىش ئىدى. كېيىنچە، ئىمامۇل-ھەرەمەين ئەل-جۇۋەينىي[32] ئۆز دەۋرىگىچە بولغان مەزھەپ بىلىملىرىنى «نىهايەتۇل-مەتلەب فى دىرايەتىل-مەزھەپ» دېگەن ئەسىرىدە توپلىدى. بۇ ئەسەر كېيىن ئۇنىڭ شاگىرتى ئىمام غەززالىي تەرىپىدىن باسقۇچلۇق ھالدا قىسقارتىلدى. ئەبۇ ئىسھاق ئەش-شىرازىينىڭ[33] ئەسەرلىرى بىلەن بىرلىكتە، بۇ كىتابلار شافىئىي ئىلىم سورۇنلىرىنىڭ مەركىزىي ئوقۇش ماتېرىياللىرىغا ئايلاندى. بۇ ئەسەرلەرنىڭ بەزىلىرى دەرسلىك سۈپىتىدە ئوقۇتۇلسا، بەزىلىرى شەرھىيلەرگە ئاساس قىلىندى.

[31] ئىبنى سۇرەيج ھىجرىيە 240-يىلى (مىلادىيە 854-يىلى) باغداتتا تۇغۇلغان. ئۇ شافىئىي مەزھىپىنىڭ داڭلىق ئالىملىرىدىن بىرى بولۇپ، ئۇنىڭ تولۇق ئىسمى ئەبۇل ئاببار ئەھمەد ئىبنى ئۆمەر ئىبنى سۇرەيجدۇر.

[32] ئىمامۇل ھەرەمەين ئەلجۇۋەينى (1028-1085) ئىسلام دۇنياسىدىكى مەشھۇر ئالىملارنىڭ بىرى. ئۇنىڭ تولۇق ئىسمى ئەبۇل مەئالى ئابدۇلمەلىك ئىبنى ئابدۇللاھ ئەلجۇۋەينى بولۇپ، «ئىمامۇل ھەرەمەين» (ئىككى ھەرەمنىڭ ئىمامى) دەپمۇ تونۇلغان.

مۇھىم نۇقتىلار:

1. ئۇ نىشاپۇردا تۇغۇلغان بولۇپ، دەسلەپكى تەلىم-تەربىيىنى ئاتىسىدىن ئالغان.

2. ئۇ ئەشئەرى مەزھىپىنىڭ مۇھىم ئالىملىرىدىن بىرى بولۇپ، كالام (ئىسلام پەلسەپىسى) ۋە فىقھى (ئىسلام قانۇنى) ساھەسىدە چوڭقۇر تەسىر قالدۇرغان.

3. مەككە ۋە مەدىنىدە تۆت يىل تۇرۇپ دەرس بەرگەنلىكى ئۈچۈن «ئىمامۇل ھەرەمەين» دېگەن نامغا ئېرىشكەن.

4. ئىمام غەززالى قاتارلىق مەشھۇر ئالىملار ئۇنىڭ شاگىرتلىرىدىن بولغان.

5. ئۇنىڭ «ئەل-بۇرھان»، «ئەل-ئىرشاد» قاتارلىق مۇھىم ئەسەرلىرى ئىسلامىي ئىلىمنىڭ تەرەققىياتىغا چوڭ تۆھپە قوشقان.

[33] . ئەبۇ ئىسھاق ئەش-شىرازىي (1003-1083) شافىئىي مەزھىپىنىڭ مۇھىم ئالىملىرىدىن بىرى. ئۇ ئىراندا تۇغۇلغان بولۇپ، ئۆز دەۋرىدىكى ئەڭ نوپۇزلۇق ئىسلام فىقھشۇناسلىرىدىن بىرى ھېسابلىنىدۇ.

ئۇنىڭ ئەڭ مۇھىم ئەسەرلىرى:

- «ئەلمۇھەززەب» - شافىئىي فىقھى ھەققىدىكى مۇھىم كىتاب

- «ئەتتەنبىھ» - فىقھى مەسىلىلەر ھەققىدىكى قوللانما

- «ئەللۇمە» - ئىسلام قانۇنشۇناسلىقى ئۇسۇلى ھەققىدىكى ئەسەر

ئۇ باغداتتىكى نىزامىيە مەدرىسىسىدە ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان ۋە كۆپلىگەن ئوقۇغۇچىلارنى يېتىشتۈرگەن. ئۇنىڭ ئەسەرلىرى ئىسلام دۇنياسىدا كەڭ تارقالغان ۋە ھازىرغىچە تەسىرىنى ساقلاپ كەلمەكتە.

ھىجرىيە 4- ۋە 5-ئەسىرلەردىكى شارائىتلار، بولۇپمۇ مەزھەپلەر ئارىسىدىكى رىقابەت، شافىئىي فەقىھلىرىنى ئۆز مەزھىپىنىڭ قانۇنىيلىقىنى ئىسپاتلاشقا ۋە كۈچىنى نامايان قىلىشقا ئۈندىدى. سەلجۇقىيلار دەۋرى، بولۇپمۇ نىزامۇلمۇلكنىڭ نىزامىيە مەدرىسلىرىنى قۇرۇشى، شافىئىي مەزھىپى ئۈچۈن بىر بۇرۇلۇش نۇقتىسى بولدى. بۇ دەۋردە شافىئىي مەزھىپى ھەم ئىراق ھەم خوراسان رايونلىرىدا زور تەرەققىياتقا ئېرىشكەن.

## شافىئىي مەزھىپىنىڭ تارقىلىشى

شافىئىي ئۆزىنىڭ پىكىرلىرىنى تارقىتىشنى دەسلەپتە ئىراقتا باشلىغان بولسىمۇ، لېكىن مىسىردا ئالاھىدە كەڭ تارقالغان. چۈنكى ئىمام شافىئىي ھاياتىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىنى مىسىردا ئۆتكۈزگەن. خوراسان ۋە ماۋرائۇننەھىردىمۇ تارقىلىش پۇرسىتىگە ئىگە بولغان بولسىمۇ، لېكىن بۇ دۆلەتلەردە پەتىۋا ۋە دىنىي تەلىم-تەربىيە ھەنەفىي مەزھىپى بىلەن بىللە ئېلىپ بېرىلغان. چۈنكى بۇ دۆلەتلەردە ھەنەفىي مەزھىپى ئاباسىيلار ھۆكۈمرانلىقىنىڭ رەسمىي مەزھىپى بولغانلىقى سەۋەبىدىن ئۈستۈنلۈككە ئىگە ئىدى.

كېيىنكى مەزگىلدە مىسىردا ھۆكۈمرانلىق ئەييۇبىيلارنىڭ قولىغا ئۆتكەندە، شافىئىي مەزھىپى تېخىمۇ كۈچەيگەن ۋە ھەم خەلق، ھەم دۆلەت ئۈستىدىن ئەڭ چوڭ ھوقۇققا ئىگە بولغان. ئەمما مەملۇكلار دەۋرىدە سۇلتان زاھىر بەيبارس قازىلارنىڭ تۆت مەزھەپ بويىچە تەيىنلىنىشى كېرەكلىكىنى ئوتتۇرىغا قويغان ۋە بۇ پىكىر ئەمەلگە ئاشۇرۇلغان. لېكىن بۇ مەزگىلدىمۇ شافىئىي مەزھىپى شۇ رايوندا باشقا مەزھەپلەردىن يۇقىرى ئورۇنغا ئىگە ئىدى. مەسىلەن: يېزا-شەھەرلەرگە قازى تەيىنلەش ھوقۇقى ۋە يېتىم-يېسىر ھەم ۋەقىپ ماللىرىنى نازارەت قىلىش ھوقۇقى پەقەت شافىئىي مەزھىپىگىلا مەنسۇپ ئىدى.

ئوسمانىيلار مىسىرنى ئىگىلىگەندىن كېيىن ھەنەفىي مەزھىپى ئۈستۈنلۈككە ئېرىشكەن. كېيىن مۇھەممەد ئەلى پاشا مىسىرغا ھاكىم بولغاندا، ھەنەفىي مەزھىپىدىن باشقا مەزھەپلەر رەسمىي شەكىلدە ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان. ھازىرمۇ مىسىردا كىشىلىك تۇرمۇش ۋە ئىجتىمائىي مەسىلىلەر رەسمىي شەكىلدە ھەنەپى مەزھىپى بويىچە ھەل قىلىنىدۇ.

شافىئىي مەزھىپى بۈگۈنكى كۈندە تۈركىيەنىڭ شەرقىي قىسمىدا، كاۋكاز، ئەزەربەيجان، ھىندىستان، پەلەستىن مۇسۇلمانلىرىنىڭ كۆپ قىسمى شافىئىي مەزھىپىگە تەۋە. ئىندونېزىيە تاقىم ئاراللىرىدا بولسا ھۆكۈمران بولغان بىردىنبىر مەزھەپ شافىئىي مەزھىپىدۇر.

# مالىكىي مەزھىپىنىڭ ئىمامى ئىمام مالىكنىڭ ھاياتى ۋە مەزھىپى



ئۇستاز ئابدۇلئەھەد ھاپىز

پەيغەمبىرىمىزنىڭ شەھىرى مەدىنە مۇنەۋۋەرەدە ياشاپ ئۆتكەن كاتتا ئالىم مالىك ئىبنى ئەنەس ئىبنى مالىك ئەلئەسبەھىي ئەلمەدەنىي بولۇپ، (ھ. 93 – 179 / م. 712 – 795) مەدىنىدە يەمەن قەبىلىلىرىدىن بولغان بىر ئەرەب ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن.

ئىمام مالىكنىڭ دادىسى «زۇ ئەسبەھ» دېيىلىدىغان بىر يەمەن قەبىلىسىگە مەنسۇپ بولۇپ، ئىسمى ئەنەس ئىبنى مالىك ئىبنى ئەبۇ ئامىر ئەسبەھىدۇر. ئانىسى ئەز قەبىلىسىگە مەنسۇپ بولۇپ، ئىسمى ئالىيە بىنتى شەرىك ئەزدىيەدۇر. بوۋىسى مالىك يەمەندىكى بەزى ۋالىيلاردىن زۇلۇمغا ئۇچراپ مەدىنە مۇنەۋۋەرەگە كېلىپ ئولتۇراقلىشىپ قالغان.[1]

ئىمام مالىكنىڭ ئائىلىسى مەدىنىگە كۆچكەندىن كېيىن، ئائىلىنىڭ كۆپ ئەزالىرى ئىلىمگە، ھەدىسكە ۋە ساھابەلەرنىڭ ئەسەرلىرى، پەتۋالىرىنى رىۋايەت قىلىشقا بېرىلگەن. مالىكنىڭ بوۋىسى تابىئىنلارنىڭ چوڭلىرىدىن ئىدى. ئۇ ئۆمەر ئىبنى خەتتاب، ئوسمان ئىبنى ئەففان، تەلھە ئىبنى ئۇبەيدۇللاھ ۋە مۇئمىنلەرنىڭ ئانىسى ئائىشە قاتارلىق ساھابە كىراملاردىن ھەدىس رىۋايەت قىلغان.

ئىمام مالىك بۈيۈك مۇھەددىس، كاتتا فەقىھ، تەبەئۇتتابىئىنلىرىدىن[2] ۋە ئەھلى سۈننەت ۋەلجامائەتكە مەنسۇپ مەشھۇر تۆت مەزھەپنىڭ بىرى بولغان مالىكىي مەزھىپىنىڭ ئىمامىدۇر. ئۇنىڭ «ئەلمۇۋەتتا» ناملىق مەشھۇر كىتابى ئىسلام تارىخىدا بىرىنچى ھەدىس كىتابى ھېسابلىنىدۇ.

## ئىلىم سەپىرى ۋە ئۇستازلىرى

دېمەك، ئىمامىمىز مالىك ئىبنى ئەنەس ئىلىمگە ۋە ھەدىس رىۋايەتكە يۈزلەنگەن بىر ئائىلىدە

[1] بۇ ماقالە «ئىسلام مەزھەپلىرى تارىخى/ تاريخ المذاهب الإسلامية؛ ئىمام مۇھەممەد ئەبۇ زەھرە؛ مۇھەممەد قاۋۇل قاراخانىي تەرجىمىسى»دىن قىسقارتىپ ئېلىندى.

[2] پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ساھابىلىرىدىن تەلىم ئالغان ئۆلىمالار «تابىئىين»، تابىئىينلاردىن تەلىم ئالغان ئۆلىمالارنى «تەبەئۇتتابىئىين» دېيىلىدۇ.

ئۆسكەن، ئۇ تۇنجى ئۆسمۈرلۈك دەۋرىدىلا ئىلىمگە ۋە رىۋايەتكە يۈزلەنگەن ئىدى. چۈنكى، ئۇ بىرەر ھۈنەر ئۆگىنىشكە ئەمەس، ئىلىم ئۆگىنىشكە ھەۋەسلەنگەن ئىدى. ئىمام مالىك تۇغۇلغان مەدىنە شەھىرى شەرىئەتنىڭ بۆشۈكى، ئىسلام ھاكىمىيىتىنىڭ مەركىزى، ساھابە كىراملارنىڭ دەۋرىدىكى ئىسلامنىڭ پايتەختى، رەسۇلۇللاھنىڭ ھىجرەتگاھى ۋە رەسۇلۇللاھنىڭ شەھىرى مەدىنەنىڭ مۇھىتى ئەنە شۇنداق ئىلىم مۇھىتى ئىدى. دارۇلھىجرەتنىڭ ئىمامى ئەنە شۇ مۇھىتنىڭ ۋە ئائىلىۋى مۇھىتنىڭ سايىسىدا ئۆزىنى ئىلىمگە ئاتاپ چوڭ بولغان.

ئىمام مالىك بۇ ئىلىم بىلەن نەفەسلىنىدىغان جەمئىيەتتە ئىلىم دۇنياسىغا قەدەم تاشلايدۇ. بىرىنچى بولۇپ، قۇرئان كەرىمنى يادلاش بىلەن باشلايدۇ. ئائىلىسى ئىچىدە ئۇنىڭ ئوقۇشىغا ئەڭ كۆڭۈل بۆلگەن كىشى ئانىسى (ئاللاھ ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) بولىدۇ. ئىمام مالىك ئانىسىغا ئۆلىمالارنىڭ مەجلىسىگە بىرىپ ئۆگىنىش رىغبىتى بارلىقىنى بىلدۈرگەندە، ئانىسى ئۇنىڭغا ئەڭ چىرايلىق كىيىملەرنى كىيگۈزۈپ، بېشىغا سەللە يۆگەپ: «ئەمدى بېرىپ ئوقۇغىن» دېدى. ھەتتا ئانىسى ئۇنىڭ تاشقى كۆرۈنۈشىگىلا كۆڭۈل بۆلۈپلا قالماستىن، ئۇنىڭغا ئالىملاردىن نېمىنى ئېلىشنى ئۆگەتتى. ئانىسى ئۇنىڭغا: «رەبىئەنىڭ قېشىغا بارغىن، ئۇنىڭ ئىلمىدىن بۇرۇن ئەدەپ – ئەخلاقىنى ئۆگەنگىن» دېگەنىدى. بۇ رەبىئە مەدىنە ئەھلى ئارىسىدا فىقھى ئىلمىدا مەشھۇر بولغان كىشىدۇر. ئانىسىنىڭ بۇ رىغبەتلەندۈرۈشلىرى بىلەن ئۇ رەبىئەنىڭ ئالدىغا باردى ۋە رەبىئەدىن كىچىك تۇرۇپ كۈچىنىڭ يېتىشىچە فىقھى ئىلمىنى پىششىق ئۆگەندى.

ئىمام كۆپلىگەن ئالىملارنىڭ مەجلىسلىرىدە بولۇپ ئىلىم تەھسىل قىلغان بولسىمۇ، ئابدۇررەھمان ئىبنى ھۇرمۇز دېگەن ئالىمنى مەھكەم يېپىشىپ، ئۆزىگە يېتەكچى ۋە پاسىبان قىلىدىغان خاس بىر ئۇستاز قىلىپ تاللىغان. ياش شاگىرت ئۇستازىغا قىزىقاتتى، ئۇستازىنى ياخشى كۆرەتتى ۋە ئىلمىگە ھۆرمەت قىلاتتى. ئۇ ئۇستازى ھەققىدە: «ئۇ ھاۋايى – ھەۋەس ئەھلىگە رەددىيە بېرىشنى ۋە كىشىلەرنىڭ ئىختىلاپلاشقان مەسىلىلىرىنى بەك پۇختا بىلەتتى» دېگەن. ئىمام مالىك ئۇستازىنىڭ ئەخلاقى بىلەن ئەخلاقلىنىپ، ئۇنىڭ ھېكمىتىنى ئۆزىگە ئۈلگە قىلغان. ئۇ بۇ ھەقتە دەيدۇكى: مەن ئىبنى ھۇرمۇزنىڭ «ئالىم تالىبلىرى تايىنىدىغان بىر ئاساس بولۇشى ئۈچۈن، ئۇلارغا ‹بىلمەيمەن

‹دېگەن گەپنى مىراس قالدۇرۇشى لازىم» دېگەنلىكىنى ئاڭلىدىم. شۇنداق قىلغاندا، ئۇلارنىڭ بىرىدىن بىلمەيدىغان بىر مەسىلە سورىلىپ قالسا، «بىلمەيمەن» دېيەلەيدۇ. ئىمام مالىكنىڭ شاگىرتى ئىبنى ۋەھبمۇ: «مالىك سورالغان كۆپىنچە سوئالغا ‹بىلمەيمەن› دەپ، جاۋاب بېرەتتى» دېگەن.

ئىمام مالىك تىرىشىپ ئوقۇپ، ئەھلى ئىلىمنىڭ ھەممىسىدىن ئىلىمنىڭ ھەممە تەرەپلىرىنى ئۆگەندى ۋە ئىلىم ئۆگىنىش ئۈچۈن ھېچبىر پىداكارلىقنى ئايىمىدى. ئۇ ئىلىم يولىدا ھەر قانداق جاپا-مۇشەققەتكە بەرداشلىق بېرەتتى ۋە قولىدىكى ھەر نەرسىنى سەرپ ئەتكەن ئىدى، ھەتتا ئۇ ئوقۇشنى داۋاملاشتۇرۇش ئۈچۈن ئۆيىنىڭ ئۆگزىسىنىڭ ياغىچىنى ساتقان ئىدى. ئىمام مالىك ئۇستازلارنىڭ ئالدىغا ئىسسىقنى، سوغۇقنى سوغۇق دېمەي باراتتى. ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «چۈش ۋاقتىدا نافىئنىڭ ئالدىغا باراتتىم، ھالبۇكى ئاپتاپتىن دالدا بولغۇدەك بىرەر دەرەخمۇ يوق ئىدى. ئۇنىڭ چىقىشىنى كۈتەتتىم. چىققان چاغدا دەخلى قىلىپ قالماي دەپ، ئۇنى كۆرمىگەن بولۇپ، بىرەر سائەت نېرىراق تۇراتتىم، ئاندىن ئۇنىڭغا يولۇقۇپ، ئۇنىڭغا سالام قىلاتتىم. يەنە نېرىراق تۇراتتىم. ئاخىرىدا، ئۇ ئۆيىگە كىرىپ كەتمەكچى بولغىنىدا، ئۇنىڭغا: ‹پالانى، پالانى ئىشتا ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما نېمە دېگەن› دەپ سورايتتىم. ئۇ ماڭا جاۋاب بېرەتتى. ئۇ سەل مىجەزى چۇس كىشى ئىدى».[3]

ئىمام مالىك يەنە ئىبنى شىھاب زۇھرىيدىن ئىلىم ئېلىشقا ئامراق ئىدى. چۈنكى، ئۇ سەئىد ئىبنى مۇسەييەب ۋە كۆپلىگەن تابىئىنىنىڭ ئىلمىنى ئۆزىدە جۇغلىغان ئىدى. ئۇ ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەرنىڭ ئازاگەردىسى نافىئ بىلەن ئۇچرىشىشقا چارە قوللانغاندەك، ئىبنى شىھاب زۇھرىي بىلەن ئۇچرىشىشقىمۇ چارە قوللىناتتى. ئىبنى شىھاب زۇھرىي بىلەن تىنچ ھالەتتە ئۇچرىشىش ئۈچۈن تىرىشاتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ۋاراڭ – چۇرۇڭ ئاۋاز ئاڭلانمايدىغان تىنچ مۇھىتتا تەلىم ئېلىش ئۈچۈن، ۋاقتى بوش دەپ قارىلىدىغان پەيتتە، ئۇنىڭ قېشىغا كېلەتتى.

بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈۋالالايمىزكى، ئىمام مالىك قىزىق ئاپتاپلارغا سەۋر قىلاتتى، ئۇستازلىرىنىڭ ئىتتىكلىكىدىن ھەزەر ئەيلەپ، سەۋر بىلەن چارە قوللىناتتى، ئاخىرىدا ئۇستازىدىن ئىلمىنى ئالاتتى. ئۇستازىنى سوئال سوراپ زېرىكتۈرۈپ قويماسلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭغا ئېغىرچىلىق چۈشۈرۈپ قويۇشتىن ساقلىناتتى

[3] ئىبنى فەرھۇن: «ئەددىيباجۇل مۇزەھھەب (الديباج المذهب)»، 117 - بەت، دارۇتتۇراس، قاھىرە.

ۋە ئۇنى ئۇزۇن مۇددەت كۈتەتتى. ئۇچراشقاندا، ئۇنىڭغا سالام قىلاتتى، ئاندىن سۈكۈت قىلاتتى، ئاندىن كېيىن سورايتتى.

ئىمام مالىك ھەدىس ئىلمى بىلەن بىرلىكتە ساھابەلەرنىڭ پەتۋالىرى ۋە ئۇ ئۇچرىشىپ باقمىغان تابىئىنىنىڭ پەتۋالىرىنىمۇ ئۆگەنگەن. دېمەك، ئۇ ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ، ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر، زەيد ئىبنى سابىت، ئابدۇرراھمان ئىبنى ئەۋف، ئوسمان ئىبنى ئەففان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملارنىڭ پەتۋالىرىنى ئۆگەنگەن، شۇنداقلا پەتۋا بېرىش ۋە رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن ئۆگەنگەنلىرىنى بايان قىلىش ئۈچۈن ئوتتۇرىغا چىققان باشقا ساھابەلەرنىڭ پەتۋالىرىنىمۇ ئۆگەنگەن. چۈنكى ساھابەلەر «قۇرئان» نىڭ نازىل بولۇشىغا شاھىد بولغان، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى كۆرگەن ۋە ئۇنىڭ ھىدايىتىدىن نۇر ئالغان كىشىلەردۇر. ئىمام مالىك يەنە سەئىد ئىبنى مۇسەييەب، قاسىم ئىبنى مۇھەممەد، سۇلايمان ئىبنى يەساردەك ۋە ساھابەلەرنىڭ فىقھىسىنى پىششىق ئىگىلىگەن باشقا تابىئىنىدەك چوڭ تابىئىنىنىڭ پەتۋالىرىنى بىلىشكە ئەھمىيەت بېرەتتى.

ئىمام مالىك رەسۇلۇللاھنىڭ ھەدىسلىرىنى ئىشەنچلىك ئادەملەردىن ئۆگىنىشكە ئەھمىيەت بېرەتتى. ئۇ پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ۋە ئۇنىڭ ساھابىلىرىنىڭ سۆزلىرىنى رىۋايەت قىلىدىغان راۋىيلارنى تەكشۈرەتتى ۋە ئۇلار ئىچىدىكى فىقھتا چوڭقۇر بولغان ئىشەنچلىك كىشىلەرنى تاللايتتى. ھالبۇكى ئۇنىڭغا راۋىيلارنى چۈشىنىش، ئۇلارنىڭ ئەقلىي كۈچى ۋە فىقھىي سەۋىيەسىنى بىلىشتە كۈچلۈك پاراسەت ئاتا قىلىنغان ئىدى. ئۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنغان: «بۇ ئىلىم دىندۇر، دىنىڭلارنى كىمدىن ئېلىۋاتقانلىقىڭلارغا قاراڭلار... (ئۇ پەيغەمبەر مەسجىدىنىڭ تۈۋرۈكلىرىگە ئىشارەت قىلىپ تۇرۇپ) مەن مۇشۇ تۈۋرۈكلەرنىڭ يېنىدا <رەسۇلۇللاھ مۇنداق دېگەن> دەيدىغانلاردىن يەتمىش كىشىنى كۆردۈم. مەن ئۇلاردىن بىرەرىمۇ ھەدىس قوبۇل قىلمىدىم. ھالبۇكى ئۇلار بەيتۇلمال تاپشۇرۇلسىمۇ خىيانەت قىلمايدىغان ئىشەنچلىك كىشىلەر ئىدى. لېكىن، ئۇلار بۇ ئىشنىڭ ئەھلىدىن ئەمەس ئىدى».[4]

## ئىمام مالىكنىڭ مۇدەررىسلىك قىلىشى

ئىمام مالىك مەدىنەنىڭ ئىلمىي ئۇزۇقلىرى بىلەن ئۇزۇقلىنىپ، ئۆزىنى پۇختىلىغان

[4] ئىبنى ئابدۇلبەر: «ئەلئىنتىقائ»، 17 - بەت.

ۋە ئەمدى ئۆزىنىڭ ئىلىم ئۆگىتىپ كىشىلەرگە رەسۇلۇللاھنىڭ ھەدىسلىرىنى ئىشەنچلىكلەردىن ئالغان پېتى نەقىل قىلىشى، پەتۋا بېرىشى ۋە پەتۋا سورىغانلارغا توغرا يولنى كۆرسىتىشى كېرەكلىكىگە قانائەت قىلغاندىن كېيىن، مەخسۇس دەرس بېرىش ۋە ھەدىس رىۋايەت قىلىش ئۈچۈن ئولتۇرغان. ئىمام مالىك دەرس ۋە پەتۋاغا ئولتۇرۇشتىن بۇرۇن سالىھ ۋە پازىل كىشىلەرگە مەسلىھەت سالغان. ئۇ بۇ توغرۇلۇق دەيدۇكى: «ھەدىس ۋە پەتۋا بېرىش ئۈچۈن مەسجىدتە ئولتۇرماقچى بولغان ھەرقانداق ئادەم سالىھ – پازىل كىشىلەر ۋە مەسجىد مۇتەۋەللىيلىرى بىلەن مەسلىھەتلەشمىگۈچە مەسجىدتە ئولتۇرغان ئەمەس. ئەگەر ئۇلار ئۇنى شۇنىڭغا لايىق كۆرسە ئولتۇرالايتتى. ماڭا ئەھلى ئىلىملەردىن يەتمىش كىشى مېنىڭ شۇنىڭغا لايىق ئىكەنلىكىمگە گۇۋاھلىق بەرگەندىن كېيىن ئولتۇرغان ئىدىم».

ئۇ دەرس بېرىش ئۈچۈن دەسلەپتە رەسۇلۇللاھنىڭ مەسجىدىدە ئولتۇرغان ئىدى. ئۇ ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئولتۇرغان ئورنىدا ئولتۇرۇشنى تاللىدى، ئۇ ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد تۇرغان ئۆيدە تۇرۇشنى تاللىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ پىكرى ۋە قاراشلىرى بىلەن ساھابىلەرنىڭ ئاتموسفېراسىدا ياشاۋاتقاندەك، ياتقان ۋە قوپقان يېرىنىمۇ ساھابىلەرنىڭ ئىزلىرى بىلەن ئورىلىشىنى كۆزلىگەن ئىدى.

ئىبنى فەرھۇننىڭ «ئەددىيباجۇل مۇزەھھەب (**الديباج المذهب**)»تە كېلىشىچە، ۋاقىدىي مۇنداق دېگەن: «مالىك مەسجىدكە كېلىپ، نامازلارغا ۋە جىنازىلارغا قاتنىشاتتى، كېسەللەرنى يوقلايتتى، ھەقلەرنى ئادا قىلاتتى، مەسجىدتە ئولتۇراتتى، شاگىرتلىرى ئۇنىڭ قېشىغا توپلىشاتتى. ئاندىن كېيىن مەسجىدتە ئولتۇرۇشنى تەرك ئېتىپ، مەسجىدتە ناماز ئوقۇپ بولۇپلا مەجلىسىگە قايتىدىغان بولدى. جىنازىلەرگە قاتنىشىشنى تەرك ئېتىپ، جىنازە ئىگىلىرىنىڭ يېنىغا بېرىپ تەزىيە بىلدۈرىدىغان بولدى. ئاندىن كېيىن ئاشۇلارنىڭ ھەممىسىنى تەرك ئېتىپ، مەسجىدتىكى نامازلارغىمۇ ۋە جۈمەگىمۇ قاتناشمايدىغان بولدى ھەم تەزىيە بىلدۈرۈش ئۈچۈن بىركىمنىڭ قېشىغىمۇ بارمايدىغان بولدى. كىشىلەر تا ئۇ ۋاپات بولۇچىلىك ئۇنىڭ بۇ ئەھۋاللىرىغا كەڭ قورساق بولدى. گاھىدا ئۇنىڭدىن بۇ ئەھۋالى توغرۇلۇق سورالسا، ئۇ: ‹ھەركىم ئۆزىنىڭ ئۆزرىسىنى سۆزلەپ بېرەلمەيدۇ› دەيتتى».

ئىمام مالىكنىڭ ئىككى دەرس مەجلىسى بار ئىدى. بىرى ھەدىس ئۈچۈن، يەنە بىرى مەسىلىلەر

ئۈچۈن، يەنى يۈز بېرىۋاتقان ئىشلارنىڭ ھۆكۈملىرى ھەققىدە پەتىۋا بېرىش ئۈچۈن ئىدى. دەرسنى ئۆيىگە يۆتكىگەندىن كېيىنمۇ بۇ ئىككى مەجلىس داۋاملاشقان. ئۇنىڭ شاگىرتلىرىنىڭ بىرى مۇنداق ھېكايە قىلىدۇكى: «ئۇنىڭ دەرسى ئۆيىگە يۆتكەلگەن چاغدا، ئۇنىڭ قېشىغا ئادەملەر كەلسە، دېدىكى چىقىپ: ئۇستاز سىلەرنى ‹ھەدىس تەلەپ قىلامدىكەن ياكى مەسىلە سورامدىكەن؟ دەيدۇ› دەيتتى. ئەگەر ئۇلار: ‹مەسىلە سورايمىز› دېسە، ئۇلارنىڭ قېشىغا چىقىپ پەتىۋا بېرەتتى. ‹ھەدىس تەلەپ قىلىمىز› دېسە، ئۇلارغا: ‹ئولتۇرۇپ تۇرۇڭلار› دەپ يۇيۇنىدىغان يېرىگە كىرىپ يۇيۇناتتى، خۇش پۇراق ئىشلىتىپ، يېڭى كىيىملەرنى كىيەتتى ھەمدە كەڭ تون كىيىپ سەللە ئورايتتى، ئۇنىڭ ئۈچۈن بىر مۇنبەر قويۇلاتتى. ئاندىن ئۇ كىيىنگەن، خۇش پۇراق ئىشلەتكەن ھالدا كىشىلەرنىڭ ئالدىغا سۈرلۈك چىقاتتى. تا ئۇ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ھەدىسىدىن پارىغ بولغۇچە خۇش پۇراق پۇراپ تۇراتتى».[5]

مالىك دەرسىدە مەيلى ھەدىس بولسۇن ياكى پەتىۋا بېرىش بولسۇن سالماقلىقنى چىڭ تۇتاتتى ۋە بەھۇدە گەپتىن يىراق تۇراتتى.

«تالىبۇلئىلىممۇ شۇنداق بولۇشى لازىم» دەپ قارايتتى. ئۇ: «ئىلىم ئوقۇغان كىشىدە سالماقلىق، تەمكىنلىك ۋە تەقۋادارلىق بولۇشى، ئۆتكەنكىلەرنىڭ ئىزلىرىغا ئەگىشىشى لازىمدۇر. ئەھلى ئىلىملەر ئۆزلىرىنى چاقچاقتىن يىراق تۇتۇشى كېرەك، بولۇپمۇ ئىلىمنى تىلغا ئالغاندا شۇنداق قىلىشى كېرەك» دەيتتى. يەنە: «تەبەسسۇمدىن ئارتۇق كۈلمەسلىك ئالىمنىڭ ئەدەبلىرىدىندۇر» دەيتتى. ئۇ بۇنى ئۆزىگە قاتتىق تەتبىقلىغان بولۇپ، ھەتتا ئەللىك يىلچە ھەدىس سۆزلەپ ۋە دەرس ئۆتۈپ، دەرس ئارىلىقىدا بىر قېتىممۇ كۈلۈپ سالمىغان.

بۇ ئۇنىڭ تەبىئىتىدىكى توڭلۇق ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ دىن ئىلمىگە ئەدەب بىلەن مۇئامىلە قىلغانلىقىدۇر. ئەگەر ئۇ دىنىي ئىلىم مەجلىسىدىن بۆلەك يەردە بولۇپ قالسا، ئوچۇق يورۇق، خۇشخۇي ۋە كەمتەر بولاتتى. ئۇنىڭ بەزى شاگىرتلىرى دەيدۇكى: «ئىمام مالىك بىز بىلەن ئولتۇرسا، گويا ئارىمىزدىكى بىرىدەك بىز بىلەن ئېچىلىپ يېيىلىپ پاراڭلىشاتتى، بىزنىڭ ئۇنىڭغا كەمتەر بولغىنىمىزدىنمۇ ئۆتە كەمتەر بولۇپ كېتەتتى. ھەدىس باشلاپ قالسا، گويا ئۇ بىزنى تونۇمايدىغاندەك، بىزمۇ ئۇنى تونۇمايدىغاندەك، ئۇنىڭغا گەپ

[5] قازى ئىياز: «تەرتىيبۇل مەدارىك»، 15/2؛ ئىبنى فەرھۇن: «ئەددىيباجۇل مۇزەھھەب»، 109/1.

قىلىشتىن هېيىقاتتۇق».

## ئىمام مالىكنىڭ سۈپەتلىرى

1. ئاللاھ ئۇنىڭغا كۈچلۈك ئەستە ساقلاش قابىلىيىتى ۋە ئەستە ساقلىغىنىنى ئۇنتۇماي ساقلاش ھەۋىسى ئاتا قىلغان. ئۇنىڭ زامانىدا ئەسكە تايىنىش شۇ دەۋردىكى يادلاش ۋە ئەستە تۇتۇش كۈچىنى قاتتىق ئۆستۈرگەن. ئىلىم كىتابلاردىن ئۆگىنىلمەي، كىشىلەرنىڭ ئېغىزلىرىدىن ئۆگىنىلەتتى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ھەدىسلىرى تېخى كىتابقا توپلانمىغان ئىدى، بەلكى قەلبلەردە ۋە ئۇستازلارنىڭ خۇسۇسىي خاتىرىلىرىدە ئىدى. ئۇ خاتىرىلەرنىمۇ شاگىرتلار قولغا ئالمايتتى، بەلكى ئۇنىڭ ئىچىدىكى مەزمۇنلارنى يازغۇچىسىنىڭ ئاغزىدىن ئۆگىنەتتى.

ئەستە تۇتۇش قابىلىيىتىنىڭ كۈچلۈك بولۇشى ھەرقانداق ئىلىمدە يۈكسىلىشنىڭ ئاساسىدۇر. چۈنكى، ئۇ ئالىمنىڭ ئەقلىنى ئوزۇق بىلەن تەمىنلەيدۇكى، بۇ ئوزۇق ئالىمنىڭ پىكرىگە ئاساس بولىدۇ. ئىمام مالىك مۇشۇ كۈچلۈك ئەستە تۇتۇش قابىلىيىتى بىلەن ئۆز دەۋرىدىكى بىرىنچى مۇھەددىس بولغان. ئۇ ھەقتە ئىمام شافىئىي: «ھەدىسكە كەلگەندە، مالىك يورۇق يۇلتۇزدۇر» دېگەن. مالىكنىڭ ئۇستازى ئىبنى شىھابمۇ: «ئۇ ئىلىم دېڭىزىدۇر» دېگەن.

2. ئىمام مالىك كۈچلۈك ئەقلىي قۇۋۋەت بىلەن بىرگە، چىدامچان، سەۋرچان ۋە بىر ئىشنى داۋاملاشتۇرۇپ قىلىدىغان زات ئىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ ئىلىم تەلەپ قىلىش يولىغا توسالغۇ بولۇۋالغان بارلىق ئەگرى – توقايلىقلارنى يەڭگەن ئىدى. ئىلىم ئوقۇۋاتقان چاغدىكى تۇرمۇشنىڭ غورىگىللىقلىرىنى يەڭگەن، ئۇستازلارنىڭ ئىتتىكلىكلىرىنى كۆتۈرگەن ئىدى. ئۇ سەۋر بىلەن ئىسسىق – سوغۇقلاردا ئۇستازلارنىڭ ئالدىغا بېرىپ كېلەتتى. شاگىرتلىرىنى ئىلىم تەلەپ قىلىشتا سەۋرلىك بولۇشقا ئۈندەيتتى ۋە: «ئىلىم تەلەپ قىلغان ئادەم سەۋرچان بولىدۇ» دەيتتى. ئۆزىنىڭ بىر ئىلىم مەجلىسىدە ئۇلارغا: «پېقىرلىق بېسىۋالسىمۇ، ھەرقانداق ھالەتتە ئىلىمنى ئەلا بىلمىگۈچە، ھېچكىم بۇ ئىلىمدىن كۆزلىگىنىگە يېتەلمەيدۇ» دېگەن.

3. ئىمام مالىكنىڭ قەلبىنى ھېكمەت نۇرى بىلەن يورۇتقان سۈپىتى بولسا ئۇنىڭ ئىخلاسىدۇر. ئۇ ئىلىم تەلەپ قىلىشتا ئىخلاسمەن بولۇپ، ئىلىمنى ئاللاھنىڭ رازىلىقى ئۈچۈن تەلەپ قىلدى ۋە ئۆزىنى ناشايان غەرەزلەر ۋە ھەۋەسلەردىن پاك تۇتۇپ، ھەقىقەت ئىزدەشتە خالىس بولدى، ھەقىقەتكە تۈپتۈز يۈزلەندى. ئىخلاس پىكرىنى

يورۇتىدۇ، شۇنىڭ بىلەن پىكىر تۈز لىنىيىدە ماڭىدۇ، ھالبۇكى تۈز لىنىيە ھەققە يېتىشنىڭ ئەڭ يېقىن يولىدۇر. پىكىرنىڭ سۈزۈكلۈكىنى ھاۋايى – ھەۋەستىنمۇ بەكرەك دۇغلاشتۇرىدىغان نەرسە يوق. چۈنكى، ھاۋايى – ھەۋەس بۇلۇتقا ئوخشايدىغان بولۇپ، ئەقىلنى ھەقىقەتلەرنى كۆرۈشتىن توسۇۋالىدۇ. ئىخلاس ئۇنىڭغا ئىلىم نۇرىنىڭ پەقەت قەلبى تەقۋالىققا تولغان كىشىدىنلا ھاسىل بولىدىغانلىقىنى ئۆگەتكەن. ئۇ ئېيتىدۇ: «ئىلىم بىر نۇردۇر، بۇ نۇر پەقەت تەقۋادار قەلب بىلەنلا ھاسىل بولىدۇ».

4. ئىمام مالىك كۈچلۈك پاراسەتكە ئىگە ئىدى. ئۇ كىشىلەرنىڭ كۆڭۈللىرىگە يوشۇرۇۋالغىنىنى ئۇلارنىڭ ئەزالىرىنىڭ ھەرىكەتلىرىدىن ۋە سۆز ئۇسلۇبلىرىدىن بىلىۋالاتتى. پاراسەت شەخستە ئۇنىڭ سەزگۈسىنىڭ كۈچلۈكلۈكى، قاتتىق ئەقلىي ۋە نەفسىي ئويغاقلىقى، قەلب كۆزىنىڭ ئۆتكۈرلۈكى، ئەزالارنىڭ ھەرىكەتلىرىنى ئىنچىكە تەكشۈرۈش ۋە پىشقان بىر ئەقلىنىڭ كۆپلىگەن تەجرىبىلىرى قاتارلىقلاردىن شەكىللىنىدۇ. ئاشۇلارنىڭ ھەممىسىنى ھەممىنى بىلگۈچى ۋە ھەممىدىن خەۋەردار بولغان ئاللاھ ئاتا قىلىدۇ. تەربىيە ئۇنى ئۆستۈرۈپ كۈچلەندۈرىدۇ.

ئىمام شافىئىي ئىمام مالىكنىڭ پاراسىتى ھەققىدە مۇنداق دېگەن: «ئۆز ۋاقتىدا مەدىنەگە يول ئېلىپ مالىك بىلەن ئۇچراشتىم. ئۇ مېنىڭ گېپىمنى ئاڭلاپ، ماڭا بىرھازا قاراپ كەتتى. ئۇ پاراسەتلىك زات ئىدى، ئاندىن ئۇ: «ئىسمىڭىز نېمە؟» دېدى، «مۇھەممەد» دېدىم. ئۇ مۇنداق دېدى: «ئەي مۇھەممەد! ئاللاھقا تەقۋادار بولۇڭ، مەئسىيەتلەردىن يىراق تۇرۇڭ، پات يېقىندا، چوقۇم بىر شانلىق ئادەم بولىسىز».

## ئىمام مالىكنىڭ ۋاپاتى

ئەنە شۇ مۆھتەرەم ئۇلۇغ ئىمام ھەيۋەت ۋە تەقۋادارلىق بىلەن ياشىدى، ھەتتا قانداقلىكى بىر ئادەم پەيغەمبەر مەسجىدىگە كىلىپ قالسىلا ئۇنىڭغا يۈزلىنىپ، ئۇنىڭغا قولاق سالاتتى ۋە ئۇنىڭدىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ھەدىسلىرىنى نەقىل قىلاتتى، ھەممىدە ئۇنىڭدىن ئۆزىگە يۈز بېرىۋاتقان ئىشلار ھەققىدە پەتىۋا سورايتتى. ئىمام مالىكنىڭ نوپۇزى ئۆزىنىڭ دەرس دائىرىسىدىن ھالقىپ، ھەتتا ئۇ يۇقىرالار ئارىسىدا ئەدلىيە نازىرىدەك بولۇپ قالدى. چۈنكى، خەلىپە مەنسۇر ئۇنىڭغا: «مەدىنە ياكى مەككە ۋالىيسى، ياكى ھىجاز ۋالىيلىرىدىن بىرەرىنىڭ سىلى توغرۇلۇق ياكى سىلىدىن باشقىلار توغرۇلۇق قانداقلىكى بىر ئىشتىن شۇبھىلىنىپ

قالسىلىرى، ياكى بۇلار پۇقرالارغا يامانلىق يەتكۈزۈپ قالسا، ماڭا خەت يازسىلا، تېگىشلىك جازاسىنى ئۆزۈم بېرىمەن» دېگەنىدى. شۇڭا، ئۇ ۋالىيلارغا نەسىھەت قىلاتتى، ئۇلارغا توغرا يولنى كۆرسىتەتتى، ئەمما شاپائەت قىلىپ ئۇلارنىڭ ئىشلىرىغا ئارىلاشمايتتى.

ئۇنىڭ نەسىھەتلىرى ۋالىيلاردىلا توختاپ قالماي، خەلىپىلەرگىمۇ ھالقىغان ئىدى. ئۇنىڭ تارىختا خاتىرىلەنگەن خەلىپىلەرگە قىلغان گۈزەل نەسىھەتلىرى ۋە قىممەتلىك ئۆگۈتلىرى بار. بۇ ئۇلۇغ ئالىم ھاياتىنىڭ زور قىسمىدا كېسەلچان ياشىدى، ئاندىن ئۆيىدىن چىقماس بولۇپ قالدى، لېكىن كېسەللىكنى ھېچكىمگە بىلدۈرمىدى. بەزى كىشىلەر ئۇنىڭ ئەھۋالى توغرىسىدا ھەر خىل گۇمانلاردا بولغان ئىدى. ھالبۇكى ئۇ كېسەلنى توغرۇلۇق گەپ قىلمايتتى. كېسەلنى توغرۇلۇق سورىلىپ قالسا، «ھەممە ئادەم ئۆزرىسىنى دەپ بېرەلمەيدۇ» دەيتتى. ئۇ كېسەللىكنى پەقەت ۋاپاتى يېقىنلاشقان سائەتتە تىلغا ئالدى. شۇ چاغدا كېسەللىكنى ئاشكارىلىدى ۋە مۇنداق دېدى: «ئەگەر مەن ھاياتىمنىڭ ئەڭ ئاخىرقى بىر كۈنىدە بولۇپ قالمىسام ئىدىم، سىلەرگە سۈيدۈك تامچىلاش كېسەللىكىمنى ئېيتىپ بەرمىگەن بولاتتىم. مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مەسجىدىگە كامىل تاھارەتتىن يوق بېرىشنى ياقتۇرمىدىم، كېسەلنى تىلغا ئېلىپ، رەببىمگە شىكايەت قىلىشنى ياقتۇرمىدىم».

بۇ ئۇلۇغ ۋە بۈيۈك ئىنسان بەرداشلىق بېرىش تەس بولغان بىر كېسەل ئىچىدە مانا مۇشۇنداق ياشىغان ئىدى، لېكىن ئۇ چىرايلىقچە سەۋر قىلدى. ئۇنىڭ سەۋرى پىغانسىز، شىكايەتسىز ۋە ئېلانسىز بولغان ئىدى. ئۇ (ھ. 179 / م. 795) يىلى ئالەمدىن ئۆتتى. ئاللاھ ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن ۋە ئۇنى رازى قىلسۇن!

## ئىمام مالىكنىڭ فىقھىسى ۋە ھەدىسى

ئىمام مالىك يۇقىرىدا دېگىنىمىزدەك مۇھەددىس ۋە فەقىھ ئىدى. ئۇ ئۆزى ھەدىس نەقىل قىلىدىغان راۋىيلارنى ناھايىتى بەك ئىلغايتتى. ئۇنىڭ پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن قىلغان رىۋايەتلىرى «سىلسىلە زەھەبىييە (ئالتۇن زەنجىر)» ۋە ئەڭ ئىشەنچلىك رىۋايەت دەپ سانىلاتتى. ئىمام بۇخارىي مۇنداق دېگەن: «شۈبھىسىزكى، ئەڭ ئىشەنچلىك رىۋايەت مالىكنىڭ نافىئدىن، ئۇنىڭ ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن قىلغان رىۋايىتىدۇر».[6]

[6] سۇيۇتىي «تەدرىبۇرراۋىي (تدريب الراوي)» (79/1) دا ئىمام بۇخارىينىڭ شۇنداق قارايدىغانلىقىنى نەقىل قىلغان.

ئىمام مالىكنىڭ فىقھىي ئىستىنباتتا بىر مېتودى بار ئىدى. رىۋايەت قىلىشتىكى بەزى مېتودلىرىنى توپلاپ يازغاندەك، فىقھىي ئىستىنباتتىكى مېتودىنى توپلاپ يازمىغان. لېكىن ئۇنىڭدىن قالغان فىقھىي فۇرۇئاتلاردىن ئۇنىڭ ھۆكۈم ئىستىنبات قىلىشتىكى مېتودىنى چىقىرىۋالغىلى بولىدۇ. مالىكىي مەزھەپ فۇقەھالىرى ئەنە شۇنداق قىلىش ئارقىلىق ئۇنىڭ مېتودىنى توپلىغان. ئۇ مېتود ئىمام مالىك ئۆزىنىڭ فىقھىسىنى قۇرۇپ چىققان ئاساسلاردۇر.

قازى ئىياز «تەرتىيبۇل مەدارىك»تا ئىمام مالىكنىڭ ئىستىنبات مېتودى ھېسابلىنىدىغان ئومۇمىي ئاساسلارنى تىلغا ئالغان، شۇنداقلا يەنە ئۇنى مالىكىي مەزھەپ فۇقەھالىرىدىن ئىبنى راشىدمۇ «ئەلبەھجە (الْبَهْجَةُ)» دېگەن كىتابىدا تىلغا ئالغان.

بۇ ئىككى ئالىمنىڭ ۋە ئۇلاردىن باشقىلارنىڭ دېگەنلىرىنىڭ خۇلاسىسى: دارۇلھىجرەت ئىمامىنىڭ مېتودى شۇكى، ئۇ ئاۋۋال ئاللاھنىڭ كىتابىنى تۇتىدۇ. ئاندىن سۈننەتكە قارايدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن قىياس كېلىدۇ. قىياس بىلەن بىرگە، مەسلەھە، سەددۇززەرائىئ، ئۆرپ – ئادەت قاتارلىقلار بار.

ئەمدى مۇشۇ ئاساسلاردىن ھەربىرىگە قىسقىچە ئىشارەت قىلىپ ئۆتەيلى!

## كىتاب

ئىمام مالىك ئاللاھنىڭ كالامى بولغان كىتابىنى (قۇرئان كەرىمنى) بارلىق دەلىللەرنىڭ ئۈستىدە قىلىدۇ. چۈنكى، كىتاب بۇ شەرىئەتنىڭ ئۇلىدۇر، ھۆججىتىدۇر ۋە بارلىقىدۇر ھەمدە ئۇ تا قىيامەت كۈنىگىچە داۋاملىشىدىغان شەرىئەتنىڭ بارلىق ھۆكۈملىرىنىڭ خاتىرىسىدۇر. ئۇ كىتابىنى سۈننەتنىڭ ۋە ئۇنىڭدىن باشقا نەرسىلەرنىڭ ئالدىغا قويىدۇ.

## سۈننەت

سۈننەت كىتابتىن قالسا ئىككىنچى مەرتىۋىدە تۇرىدۇ. ئىمام مالىك سۈننەت ئىچىدىكى مۇتەۋاتىرنى تۇتىدۇ. مۇتەۋاتىر دېگىنىمىز «يالغانچىلىققا تىل بىرىكتۈرۈش ئېھتىماللىقى بولمىغان بىر توپنىڭ تاكى رەسۇلۇللاھقا تۇتاشقانغا قەدەر ئۆزلىرىگە ئوخشاش يەنە بىر توپتىن رىۋايەت قىلغان ھەدىسى»دۇر. ئۇ يەنە سۈننەت ئىچىدىكى مەشھۇرنى تۇتىدۇ. مەشھۇر دېگىنىمىز شۇنداق بىر ھەدىستۇركى، ئۇنى ساھابەلەردىن بىر – ئىككى كىشى ياكى ئۇنىڭدىن كۆپرەك مۇتەۋاتىرلىق چېكىگە يەتمىگەن كىشى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن رىۋايەت

قىلىدۇ، ئاندىن ئۇنى يالغانچىلىقتا تىل بىرىكتۈرمەسلىكىدىن ئەمىن بولغىلى بولىدىغان نۇرغۇن ساندىكى كىشى ساھابىلەردىن رىۋايەت قىلىدۇ؛ ياكى ئۇنى بىر ياكى بىرقانچە تابىئىن رىۋايەت قىلىدۇ، ئاندىن تابىئىندىن كېيىن يالغانچىلىقتا تىل بىرىكتۈرمەسلىكىدىن ئەمىن بولغىلى بولىدىغان نۇرغۇن ساندىكى كىشى رىۋايەت قىلىدۇ. بۇ خىل ھەدىسنىڭ مەشھۇرلۇقى تابىئىن دەۋرىدە ياكى تەبەئى تابىئىن دەۋرىدە بولىدۇ. ئۇ دەۋردىن كېيىن مەشھۇرلۇقنىڭ ئېتىبارى يوقتۇر. مانا بۇ خىل ھەدىس دەلىل قىلىنىش كۈچى جەھەتتە مۇتەۋاتىرغا يېقىنلىشىدۇ. ئىمام مالىك يەنە خەبەرى ئاھادنىمۇ تۇتىدۇ. ئۇ مۇتەۋاتىر بولمىغان، تابىئىن دەۋرىدىمۇ ۋە تەبەئى تابىئىن دەۋرىدىمۇ مەشھۇر بولمىغان ھەدىستۇر. ئىمام مالىك مەدىنە ئەھلىنىڭ ئەمەلىنى بۇ خەبەرى ئاھادنىڭ ئالدىغا ئۆتكۈزىدۇ.

## ئەھلى مەدىنەنىڭ ئەمەلى

ئىمام مالىك ئەھلى مەدىنەنىڭ ئەمەلىنى ھۆججەت دەپ قارايتتى. چۈنكى، ئۇنىڭ نەزەرىدە ئەھلى مەدىنەنىڭ ئەمەلىنىڭ پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن قىلىنغان نەقىل بولۇشتىن باشقا ئېھتىماللىقى يوق ئىدى. ئۇ مەدىنە ئەھلىنىڭ ئەمەلىنى تۇتماي بۇنىڭغا قارشى ئىش قىلىدىغانلارنى ئەيىبلەيتتى. مەدىنە ئەھلىنىڭ ئادەتلىرىگە ئەمەل قىلىش مالىكتىن بۇرۇن ھەتتا قازىلاردىمۇ كەڭرى ئىدى، ئۇلار مەدىنە ئەھلىنىڭ ئادەتلىرىنى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن نەقىل قىلىنغان ئىشلار دەپ ھېسابلايتتى.

### ساھابەنىڭ پەتىۋاسى

ئىمام مالىك ساھابەنىڭ پەتىۋاسىنى ئەمەل قىلىش ۋاجىب بولغان بىر ھەدىس دەپ قاراپ، ئۇنى قوبۇل قىلاتتى. مالىك نەقىلسىز بىلگىلى بولمايدىغان بىر ئىشتىكى ساھابەنىڭ سۆزىنى ھەدىس دەپ ھېسابلايتتى.



## قىياس، مەسلەھە مۇرسەلە ۋە ئىستىھسان

ئىمام مالىك قىياسنى تۇتاتتى. ئۇنىڭ نەزەرىدە قىياس كەلىمەسى «ھۆكۈمنىڭ ئىللىتى بولغان سۈپەتتىكى ئورتاقلىق سەۋەبىدىن، ھۆكمى سۆزلەنگەن بىر ئىشنى ھۆكمى سۆزلەنمىگەن يەنە بىر ئىشقا قوشۇۋېتىش»تىن ئىبارەت ئىستىلاھىي قىياسنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى.

ئىستىھسان: «جۇزئىي مەسلەھەنىڭ ھۆكمىنى قىياسنىڭ ھۆكمىگە تەرجىھ قىلىش»تۇر. ئەگەر قىياس نەستە (ئايەت، ھەدىستە) سۆزلەنمىگەن بىر ھۆكۈمنى نەستە سۆزلەنگەن مۇئەييەن بىر

ھۆكۈمگە قوشۇۋېتىشنى تەقەززا قىلىدىغان بولسا، جۇزئىي مەسىلەھە بۇنىڭ غەيرىنى تەلەپ قىلسا، ئىمام مالىك جۇزئىي مەسىلەھە بىلەن ھۆكۈم قىلىدۇ ۋە ئۇنى ئىستىھسان دەپ ئاتايدۇ. مانا بۇ ئىستىلاھىي ئىستىھساندۇر. ئۇنىڭ نەزەرىدىكى ئىستىھسان بىز دەپ ئۆتكەن ئىستىلاھىي ئىستىھسانىنمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ ۋە مەسىلەھە مۇرسەلەنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. مەسىلەھە مۇرسەلە دېگىنىمىز «ئېتىبارغا ئېلىش ياكى ئالماسلىقتا قارىتا خاس بىر دەلىل كەلمىگەن مەسلەھە» بولۇپ، بۇ خىل مەسىلەھە نەس يوق يەردە ئەمەل قىلىنىدۇ. شەرتى: ئۇنىڭغا ئەمەل قىلىشتا ھەرەجنى دەفئ قىلىش ھاسىل بولۇشى ۋە يەنە خاس بىر دەلىلى بولمىسىمۇ، ئىسلام شەرىئىتىدە ئېتىبارغا ئېلىنغان مەسلەھەلەرنىڭ جىنسىدىن بولۇشىدۇر.

## زەرائىئ (الذرائع)

زەرائىئ - ئىمام مالىك تۇتۇپ ماڭغان ئۇسۇللاردىن بىرى بولۇپ، بۇ ئۇنىڭدىن نەقىل قىلىنغان كۆپلىگەن فۇرۇئلاردا ئاشكارا بولغان. ئۇنىڭ مەنىسى: ھارامغا ئېلىپ بارىدىغان نەرسە ھارام بولىدۇ، ھالالغا ئېلىپ بارىدىغان نەرسە شۇ ھالال تەلەپ قىلغان مىقداردا ھالال بولىدۇ. شۇنىڭدەك مەسلەھەگە ئېلىپ بارىدىغان نەرسە مەتلۇب بولىدۇ. مەفسەدەگە (زىيانغا) ئېلىپ بارىدىغان نەرسە ھارام بولىدۇ.

ئىمام مالىكنىڭ قارىشىدا، مەفسەدەگە ئېلىپ بېرىشى كەسكىن بولغان نەرسە بىلەن كۆچلۈك گۇماندا كۆپىنچە ھالدا مەفسەدەگە ئېلىپ بارىدىغان نەرسە شەكسىز ھارامدۇر. ئەمما مەفسەدەگە ئېلىپ بېرىشى نادىر بولغان نەرسە ھارام ئەمەس. چۈنكى، نادىر ئەھۋالغا ھۆكۈم چىقىلمايدۇ. چۈنكى، نادىرغا ھۆكۈم يوق.

شۈبھىسىزكى، ئىمام مالىك كۆپلىگەن مەنبەلەرنىڭ ئىشىكىنى ئاچقان. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇنىڭ مەزھەپى مول ئىدى ۋە شەرئىي ئۇسۇللارنى ئىنسانلارنىڭ مەسلەھەلىرىگە باغلايدىغان مەسلەھىي فىقھ ئىدى.

## ئىمام مالىكنىڭ كىتابلىرى

ئىمام مالىكنىڭ ئەڭ چوڭ كىتابى «مۇۋەتتەئ (الموطأ)» دۇر. «مۇۋەتتەئ» ھەدىس ۋە فىقھ كىتابىدۇر. ئۇنىڭدا ئىمام مالىك ئىجتىھاد قىلىدىغان فىقھىي تېمىلار ھەققىدە ھەدىسلەرنى كەلتۈرىدۇ، ئاندىن ئىجمائ قىلىنغان مەدىنە ئەھلىنىڭ ئەمەلىنى، ئاندىن تابىئىندىن ئۆزى ئۇچراشقان كىشىلەرنىڭ قاراشلىرىنى ۋە ساھابەلەرنىڭ قاراشلىرىنى ھەمدە ئۆزى ئۇچرىشىپ باقمىغان سەئىد

ئىبنى مۇسەييەبتەك تابىئىننىڭ قاراشلىرىنى تىلغا ئالىدۇ. ئىمام مالىك بۇ كىتاب ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: «كىتابتا بارنىڭ كۆپىنچىسىگە كەلسەك رايىدۇر. قەسەمكى، ئۇ مېنىڭ رايىم ئەمەس، بەلكى نۇرغۇنلىغان ئىلىم ۋە پەزىلەت ئىگىلىرىدىن ۋە مەن ئىلىم ئالغان ئۇلۇغلىك ئىماملاردىن ئاڭلىغانلىرىمدۇر. ئۇلار ئاللاھقا تەقۋادار بولغان كىشىلەردۇر... بۇ شۇنداق بىر مىراستۇركى، ئۇلار ئۇنىڭغا تا بىزنىڭ زامانىمىزغا قەدەر ئەسىردىن ئەسىرگە ۋارىسلىق قىلىپ كەلگەن».

## مەزھەپنىڭ تارقىلىشى

ئۇشبۇ مەزھەپ كۆپلىگەن دىيارلارغا تارالغان. مالىكىي مەزھەپ مىسىردا ئىمام مالىكنىڭ دەۋرىدىلا كۈچكە ئىگە بولغان. ئىمام مالىكنىڭ ئابدۇرراھمان ئىبنى قاسىم، ئۇسمان ئىبنى ھەكەم، ئابدۇررەھىم ئىبنى خالىد، ئەشھەب قاتارلىق شاگىرتلىرى ۋە ئۇلاردىن باشقا مىسىرنى ماكان تۇتقان شاگىرتلار مىسىرغا مالىكىي مەزھەپنى كىرگۈزگەن.

مالىكىي مەزھەپ تۇنىس دىيارىدا تارقالغان. مۇئىز ئىبنى بادىس دېگەن كىشى مەيدانغا كېلىپ، تۇنىس خەلقىنى ۋە ئۆزى ئىگىدارلىق قىلغان مەغرىب دىيارلىرىنى ئىمام مالىكنىڭ مەزھەپىگە ئۈندىگەن. بۇ دىيارلار ھازىر مالىكىي مەزھەپنىڭ تەلىپى بويىچە ئىبادەت قىلىپ كەلمەكتە.

ئەندەلۇستا مالىكىي مەزھەپ سەلتەنەت ئىگىسى ئىدى. ئەندەلۇس ئەمىرىنىڭ نەزەرىدە زور مەرتىۋە قازانغان يەھيا ئىبنى يەھيا قازىلىققا ئىگە بولغان چاغدا، مالىكىي مەزھەپ دۆلەتنىڭ كۈچىدىن كۈچ ئالغان. (قازىكالان) يەھيا ئىبنى يەھيا پەقەتلا ئۆزىنىڭ مالىكىي مەزھەپىنىڭ فۇقەھائىلىرىنى قازىلىققا تەيىنلەيتتى. ئىمام ئىبنى ھەزم ئەندەلۇسىي بۇ ھەقتە: «دەسلەپىدە كۈچ ۋە ھوقۇق بىلەن تارالغان ئىككى مەزھەپ بار: بىرى، شەرقتە ھەنەفىي مەزھەپ. يەنە بىرى، ئەندەلۇستا مالىكىي مەزھەپ» دېگەن. مالىكىي مەزھەپ مەغرىبتىمۇ ئەنە شۇنداق تارالغان ئىدى.

ئىمام مالىكنىڭ مەزھىپىنىڭ مۇشۇنداق ئىسلام دىيارلىرىنىڭ غەربىدە تارالغانلىقىنى كۆرىمىز. ئىسلام دىيارىنىڭ شەرقىدە پەقەتلا ئىراق ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى يەرلەرگە ناھايىتى ئاز تارالغان. چۈنكى، ئۇنىڭ شاگىرتلىرىنىڭ كۆپى مىسىر ۋە تۇنىستا تۇرغان. شۇ ئىككى يەردىن غەرب تەرەپتىكى پۈتۈن جايلارغا تارقالغان.



# بۈيۈك ئىسلاھاتچى ئالىم
# مۇھەممەد قۇربان داموللاھاجىم
## (1932 – 1995م)

مۇھەممەد ئەمىن بىشارەت

تارىختا ئۆتكەن ھەر مىللەتنىڭ ئىپتىخارلىنىپ ئۆلگە قىلىدىغان مەشھۇر تۆھپىكارلىرى، كاتتا ئۆلىمالىرى بولىدۇ. دۇنيانىڭ يىراق بىر چېتىگە جايلاشقان، ئۇنتۇلغان دىيار شەرقىي تۈركىستاننىڭ خوتەن شەھرىدە چاقنىغان ئىلىم يۇلتۇزى، بۈيۈك ئىسلاھاتچى، جاھالەتكە قارشى كۈرەش قىلغۇچى، پىداكار ئالىم مۇھەممەد قۇربان داموللاھاجىممۇ ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئەنە شۇنداق ئۇلۇغ ئۆلىمالىرىدىن بىرىدۇر.

### مۇھەممەد قۇربان داموللاھاجىم ياشىغان دەۋردىكى خەلقىنىڭ دىنىي ئەھۋالى

1966 - يىلىدىن - 1976 يىلىغىچە داۋاملاشقان ئاتالمىش «مەدەنىيەت ئىنقىلابى»، يەنى ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ دىنى، ئۆرپ - ئادىتى ۋە مىللىي مەدەنىيەتلىرىنى ۋەيران قىلىش ھەركىتى شەرقىي تۈركىستان دىيارلىرىغا ئېغىر تالاپەتلەرنى ئېلىپ كەلدى؛ تەخمىنەن 28 مىڭ مەسچىت ۋە 18 مىڭ مەدرىسە يىقىتىلدى ياكى تاقالدى؛ دىنىي مائارىپ، ۋەز - نەسىھەت، ناماز، روزا، ھەج قاتارلىق ئىسلام دىنىغا ئالاقىدار ھەرقانداق ئىش چەكلەندى؛ قۇرئان كەرىم ۋە باشقا دىنىي كىتابلار كۆيدۈرۈلدى. نەتىجىدە رەھىمسىزلەرچە يۈرگۈزۈلگەن بۇ رەزىل سىياسەت تۈپەيلىدىن شەرىئەتكە مەھكەم يېپىشىپ ياشاپ كېلىۋاتقان بۇ مۇسۇلمان خەلق ئارىسىدا ئاستا - ئاستا تاماكا، نەشە، جازانە، ھاراق، قىمار، زىنا، ئوغرىلىق، بۇلاڭچىلىق دېگەندەك تۈرلۈك گۇناھ - مەئسىيەتلەر يامراشقا باشلىدى.

بۇلاردىن باشقا يەنە كەڭ خەلق ئارىسىدا مېيىت دەپنە قىلىنغاندىن كېيىن، قەبرىستانلىقتا ئۈچ كۈن ياكى بىر ھەپتە قونۇش، ئۆلۈكلەردىن مەدەت تىلەش ۋە ئۇلارغا يالۋۇرۇپ دۈشمەنلىرىدىن ئەنتىنى ئېلىپ بېرىشنى ئۆتۈنۈش، پەرزەنت ياكى تۈرلۈك ھاجەتلىرىنى سوراش، قەبرىلەرگە گۈمبەز تىكلەش ۋە ئىمارەت سېلىش، ھەززىتى ئەلىنىڭ بىر قىسىم ئەۋلادلىرىنىڭ قەبرىسىنى ئويدۇرۇپ چىقىپ ئاۋات قىلىش؛ ئەسھابۇلكەھف مازىرى، ئىمام جەئفەر

تەيران مازىرى قاتارلىق يالغان مازارلارنى قوپۇرۇش، قەبرىلەرگە ھەر خىل رەڭلىك لاتا - پۆتىلارنى، قوي تېرىلىرىنى، قوچقار كاللىلىرىنى ئېسىش، ئۆيىنىڭ دەرۋازىسى ئۈستىگە ئۆي ئەھلىنى بالا - قازادىن ساقلايدۇ دەپ ئېشەك كاللىسىنىڭ سۆڭىكىنى ئېسىش، ئۆزلىرىنىڭ بويۇنلىرىغا، قوي - كالىلىرىنىڭ بويۇنلىرىغا، ئېغىللىرىغا تۇمار ئېسىش، ئۆچ - ئامراق قىلىش ئۈچۈن ئالما قاتارلىق مېۋىلەرگە بىر نەرسىلەرنى يېزىپ يېگۈزۈش ياكى تۈرلۈك نەرسىلەرنى ئوقۇش ياكى بەزى خاتا ئىشلارنى قىلىش، ئوغرىنى تېپىش ئۈچۈن ئەسھابۇ بەدر شەرىف ئوقۇش، جىن چاپلىشىۋالغان كىشىلەرنى قامچىلاپ خادىغا ياماشتۇرۇش، قەبرىستانلىقتا قۇيماق تارقىتىش، ئۇلۇغ كىشىلەرنىڭ قەبرىلىرىنى تاۋاپ قىلىش، جىنازىغا توپاق باغلاپ ياكى بىرنەچچە پېقىرغا پۇل بېرىپ مېيىتنىڭ «گۇناھىنى سېتىش»، ناتوغرا يوللار بىلەن ئۈچ تالاق قىلىنغان ئاياللارنى ھالال قىلىش، زىكىرگە ساما ۋە داپ، چاڭ، سىرپاي ئارىلاشتۇرۇش ۋە بۇنى ئىبادەت دەپ بىلىش، قوي ياكى كالىنى قەبرىستانلىققا ئېلىپ چىقىپ بوغۇزلاش، شەيخلەرنىڭ چۈشىنى ھۆكۈم مەنبەسى قىلىش، غەيبنى بىلىشنى دەۋا قىلىش، ئويغاق ھالىتىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن كۆرۈشكەنلىكىنى ھەمدە تەلىم ياكى بۇيرۇق ئالغانلىقىنى دەۋا قىلىش؛ رەجەب نامىزى، شەئبان نامىزى، رەغائىب نامىزى قاتارلىق پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يولغا قويمىغان ئىبادەتلەرنى ياكى زىكىرلەرنى پەيدا قىلىش، خالىغانچە سان - سىفىرلار بېكىتىلگەن زىكىرلەرنى پەيدا قىلىش، مەۋلىد سۈرۈنىغا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى كېلىدۇ دەپ ئېتىقاد قىلىش، تەۋەررۈك بىلىپ مەسچىتنىڭ بورىسىنى سۆغۈرۈۋېلىش ياكى قەبرىستانلىقنىڭ شاخ - شۇمبىلىرىنى سۇندۇرۇپ ئەكىرىش، يولدىن تەمەچ تېرىپ ئىسرىق سېلىش، مازار تاۋاپى ئۈچۈن يۈك - تاقلارنى بېسىپ شەھەرمۇشەھەر ئايلىنىش، قەبرە يېنىدا ئېتىكاپتا ئولتۇرۇش، قەبرە توپىلىرىنى يۈزىگە سۈرتۈش، ئۆلۈكلەرنى تىرىكلەرگە پايدا - زىيان كەلتۈرىدۇ دەپ قاراش، بىرەر كىشىنى قەستلەش ۋە زىيان سېلىش ئېتىقادى بىلەن دەرەخلەرگە يىڭنە ۋە پىچاق چوقۇش، قەبرىلەرگە چىراق يېقىش، سېھىرگەرلىك، پالچىلىق، رەممالىلىق قاتارلىق نۇرغۇنلىغان بىدئەت ۋە خۇراپاتلار ھەتتا شېرىك ئېتىقادلار ئەۋج ئېلىشقا باشلىدى. ناماز ئوقۇماسلىق، روزا تۇتماسلىق ئەھۋالى ئېغىرلاشتى. قىسقىسى، شۇ چاغلاردا كىشىلەر قۇرئان كەرىمدىن ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننەتلىرىدىن ئۇزاقلىشىپ كەتكەن ئىدى. 1932 - يىلى تۇغۇلغان مۇھەممەد قۇربان داموللاھاجىم بۇ چاغلاردا يەنى 1966 - يىللىرى ئەمدىلا 34 ياشقا كىرگەن بولۇپ، بەش يىللىق تۈرمە ھاياتىنى

تۆگىتىپ قويۇپ بېرىلگەن ئىدى.

### مۇھەممەد قۇربان داموللاھاجىمنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشى ۋە ياشلىق ھاياتى

مۇھەممەد قۇربان داموللاھاجىم تەخمىنەن 1932 - يىلى خوتەن شەھىرىنىڭ غەربىي جەنۇبىغا جايلاشقان ھالالباغ كەنتىدە مۇھەممەد نىياز ئاخۇننىڭ ئوغلى غوجا ئابدۇللاھ ھاجىم ئىسىملىك دىيانەتلىك، ئىلىمسۆيەر بىر كىشىنىڭ ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. غوجا ئابدۇللاھ ھاجىم ۋاپات بولۇپ كەتكەندىن كېيىن، ئۇنى ئانىسى بىلەن ئاكىسى ئۇنى بېقىپ، قاتارغا قوشقان.

### مۇھەممەد قۇربان داموللاھاجىم خوتەن مەدرىسەلىرىدە

مۇھەممەد قۇربان قۇرئان كەرىمنى ۋە ئۇنىڭدىن باشقا باشلانغۇچ ئىلىملەرنى مەھەللىسىدىكى «ئالتۇنلۇق مەدرىسەسى»دە تۇردى مۇھەممەد داموللامنىڭ يېنىدا، ئۇنىڭدىن كېيىنكى ئوقۇشلىرىنى خوتەن شەھەر ئىچىدىكى بەزى مەدرىسەلەردە ئوقۇغان.

مۇھەممەد قۇربان ئىنتايىن تىرىشچان بولۇپ، ئۇستازى ئۇنىڭ ئەقىللىقلىقى ۋە تىرىشچانلىقىدىن بەكمۇ ھەيران قالاتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ قەشقەردىكى ئابدۇقادىر داموللامنىڭ چوڭ تالىپلىرىدىن بىرى بولغان بىر ئۇستازغا بۇ زېرەك تالىپنى ئوقۇتۇپ بېرىشنى ئەسكەرتىپ بىر پارچە مەكتۇپ يازدى. شۇنداق قىلىپ مۇھەممەد قۇربان ئانىسى ۋە ئاكىسى ئابدۇللاھ ھاجىمنىڭ ھەر جەھەتتىن خاتىرجەم قىلىشى نەتىجىسىدە، ئەينى چاغدىكى ئىلىم كانى بولغان قەشقەرگە قاراپ يول ئالدى.

مۇھەممەد قۇربان داموللاھاجىم قەشقەردە تۇپتوغرا سەككىز يىل ئوقۇدى. سەيپۇڭچىلىق قىلىپ تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتقان ئاكىسى ئابدۇللاھ ھاجىم بۇ جەرياندا ئىنىسى مۇھەممەد قۇرباننى يېمەك - ئىچمەك، پۇل - مال بىلەن تەمىنلەپ تۇردى؛ بەزىدە ئاتايىن ئۆزى ئىشەككە مىنىپ، ھەپتىلەپ يول يۈرۈپ، ئۇنى يوقلاپ كەلدى.

### مۇھەممەد قۇربان داموللاھاجىم قەشقەر خانلىق مەدرىسەسىدە

خوتەن بىلەن قەشقەرنىڭ ئارىلىقى 500 كىلومېتىر ئەتراپىدا بولۇپ، ئەينى چاغلاردا يوللار ئوڭغۇل - دوڭغۇل، ئېگىز - پەس، توپىلىق، تاشلىق بولۇپ، ھازىرقىدەك ئاسفالتلاشمىغان ئىدى. ئات - ئېشەك بىلەن بەش - ئالتە كۈن يول مېڭىپ ئاران بارغىلى بولاتتى. ئۇ زامانلاردا قەشقەر شەھىرى مۇدەررىسلىرىنىڭ سەرخىللىقى بىلەن ئالاھىدە تونۇلغان، تەرەپ - تەرەپتىن ئىلىم شەربىتى ئىچىش ئۈچۈن كەلگەن تالىپلار بىلەن توشۇپ كەتكەن ئىدى. مۇھەممەد قۇربان داموللاھاجىم مىڭبىر جاپادا قەشقەرگە بارغاندىن

كېيىن، قەشقەردىكى خانلىق مەدرىسە قاتارلىق مەشھۇر مەدرىسەلەردە، ئاتاقلىق ئۆلىمالارنىڭ ھۇزۇرىدا چوڭقۇر ئىجتىھات بىلەن ئىلىم تەھسىل قىلىشقا باشلىغان. تەتىل مەزگىللىرىدىمۇ يۇرتىغا قايتماي، كۆپىنچە قەشقەردە تۇرۇپ قېلىپ، ئۇستازلىرىنىڭ بوش ۋاقىتلىرىدىن پايدىلىنىپ بىر قىسىم بىلىملەرنى ئۆگىنىۋالاتتى. بەزىدە ئاتۇشقا بېرىپ، شۇ يەردىكى مەشھۇر ئۇستازلاردا ئىلىم تەھسىل قىلاتتى.

مۇھەممەد قۇربان داموللاھاجىم خانلىق مەدرىسەدىكى ۋاقىتلىرىدا تالىپلار دەرس ئېلىش ئۈچۈن ئۇستازنىڭ ھۇزۇرىغا كىرىشتىن بۇرۇن، تالىپلارنىڭ دەرسىنى ئالدىن مۇزاكىرە قىلىپ بېرەتتى. شۇ سەۋەبتىن بولسا كېرەك، بەزىلەر ئۇنى «مۇھەممەد قۇربان داموللام» دېسە، يەنە بەزىلەر «مۇھەممەد قۇربان خەلپىتىم» دېيىشەتتى.

مۇھەممەد قۇربان داموللاھاجىم ئىمىن مەۋلىۋى داموللام، سۇلايمان ئاخۇن داموللام، سالىھ داموللام قاتارلىق كاتتا ئۆلىمالارنىڭ يېنىدا ھەرقايسى ئىلىملەرنى ناھايىتى ياخشى، ئەلا نەتىجە بىلەن ئوقۇغان، بولۇپمۇ تەپسىر ۋە ئەدەبىيات ئىلمىدە ھەقىقەتەن پىشىپ يېتىلگەن ئىدى. ئۇ ئىلىم تەھسىل قىلىش جەريانىدا بەزىدە تىجارەت قىلىپمۇ قوياتتى.

مۇھەممەد قۇربان داموللاھاجىم 1958 - يىلى قەشقەردىكى سەككىز يىللىق ئىلىم تەھسىلاتىنى تۈگىتىپ ئۇستازلىرىنىڭ دۇئا ۋە ئىجازىتىنى ئالغاندىن كېيىن، «داموللا» ئۇنۋانى بىلەن كىندىك قېنى تۆكۈلگەن ئانا يۇرتى خوتەن شەھىرىگە قايتىپ كەلدى. ئەپسۇسكى، شۇ يىلى، يەنى 1958 - يىلى قەشقەردىكى پۈتۈن مەدرىسەلەر تاقالدى.

## مۇھەممەد قۇربان داموللاھاجىمنىڭ تۈرمە ھاياتى

مۇھەممەد قۇربان داموللاھاجىم خوتەنگە قايتىپ كەلگەن يىللار ھەرقايسى شەھەرلەردىكى مەسچىت ۋە مەدرىسەلەر بىر - بىرلەپ تاقالغان، زۇلۇم چېكىدىن ئاشقان، نۇرغۇنلىغان بىگۇناھ كىشىلەر خىتاي ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن، تىرىك كۆمۈۋېتىلگەن، تۈرمىلەرگە قامالغان، قىسقىسى، پۈتۈن شەرقىي تۈركىستان ئاسمىنىنى قارا بۇلۇتلار قاپلىغان چاغ ئىدى. مۇھەممەد قۇربان داموللاھاجىممۇ ئەنە شۇلار قاتارىدا تۆھمەت بىلەن قولغا ئېلىندى.

مۇھەممەد قۇربان داموللاھاجىمنىڭ ئىسمىنى ئاشكارىلاشنى خالىمىغان بىر كادىر تۈرمىدىشى مۇنداق دېگەن: بۈيۈك ئالىم مۇھەممەد قۇربان دامولام 1958 - يىلى خوتەن ۋىلايەتلىك ئوتتۇرا سوت تەرىپىدىن مۇددەتلىك تۆت يىللىق قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنىپ، بىر بۆلۈك جىنايەتچىلەر بىلەن بىرگە تۈرمىگە ئانچە يىراق بولمىغان قوراللىق قىسىم بىلەن تام قوشنا «ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش

قۇرۇلۇش چوڭ ئەترىتى»گە يۆتكەپ كېتىلدى. مۇھەممەد قۇربان قارىم بۇ يەردە تىرىشىپ ئىشلەپ، تېز پۇرسەت ئىچىدىلا ئىلغار قۇرۇلۇش تېخنىكىسىنى ئۆگىنىۋالدى ھەمدە قۇرۇلۇش ئەترىتىدىكى پۈتۈن تامچى ئۇستىلار ئارىسىدا ئالاھىدە ئۆلگە ياراتتى. تۈرمىدىن چىقىپ يېڭى ھاياتقا ئېرىشكەندىن كېيىن، قىيىن كۈنلەردە بۇ كەسىپ ئۇنىڭغا تازا ئەسقاتتى. ئۇ خوتەن ۋىلايەتلىك بىناكارلىق شىركىتىدە تېخنىك سالاھىيىتى بىلەن ئىشلەپ رولىنى ئوبدان جارى قىلدۇردى.

### مۇھەممەد قۇربان داموللاھاجىمنىڭ بىر قىسىم ئالىم تۈرمىداشلىرى

مۇھەممەد قۇربان داموللاھاجىم تۈرمىگە تاشلانغان زامانلاردا خوتەننىڭ نۇرغۇنلىغان مەشھۇر ئۆلىمالىرىمۇ ئۆلتۈرۈلگەن ياكى تۈرمىگە تاشلانغان ئىدى. مەسىلەن، مۇھەممەد قۇربان داموللاھاجىمنىڭ يېقىن دوستى، مەشھۇر ئۇيغۇر تېبابەت ئالىمى ۋە دىنىي ئۆلىما ئابدۇلھەمىد يۇسۇپ داموللاھاجىم، ھۆشۇر نىياز مۇپتى ئاخۇنۇم (1959 - يىلى قولغا ئېلىنىپ، 1963 - يىلى تۈرمىدىن ئۆلۈكى بېرىلگەن)، ئابدۇلئەزىز قارىھاجىم (15 يىلدىن ئارتۇق تۈرمىدە يېتىپ چىققاندىن كېيىن، 1979 - يىلى ۋاپات بولغان)، ئابدۇۋەلىي ھاجىم (15 يىلدىن ئارتۇق كېرىيە تۈرمىسىدە يېتىپ چىققاندىن كېيىن، 1981 - يىلى ۋاپات بولغان)، ئابدۇللاھ قارىم (15 يىلدىن ئارتۇق كېرىيە تۈرمىسىدە يېتىپ چىققاندىن كېيىن، 1984 - يىلى ۋاپات بولغان)، ئابدۇغېنىي ھاجىم (1976 - يىلى يەكەن پەيلۇدا ۋاپات بولغان)، ئابدۇنەبىي قارىھاجىم (1963 - يىلى تۈرمىدىن ئۆلۈكى بېرىلگەن)، غىياسىدىن قارىھاجىم (1970 - يىلى كېرىيە تۈرمىدە ۋاپات بولغان). ئۇلاردىن باشقا يەنە ئۇيغۇر زىيالىيلىرىدىن جاپپار ئەمەت قاتارلىق ئالىي مەلۇماتلىق كىشىلەرمۇ بار ئىدى.

### مۇھەممەد قۇربان داموللاھاجىم تۈرمىدىن چىققاندىن كېيىن ...

مۇھەممەد قۇربان داموللاھاجىم 1965 - ياكى 1966 - يىلى ئېغىر ئەمگەكتە ئۆتكۈزگەن بەش يىللىق تۈرمە ھاياتىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ جەمئىيەتكە چىققاندىن كېيىن، 1979 - يىللارغىچە بىر تەرەپتىن يوشۇرۇنچە كىتاب كۆرۈپ بىلىمىنى ئاشۇرغان، يەنە بىر تەرەپتىن تۈرمىدە ئۆگەنگەن تامچىلىق كەسپىنى ئىشقا سېلىپ، خوتەن قۇرۇلۇش ئەترىتىدە تاكى ۋاپات بولغانغا قەدەر باش تېخنىك بولۇپ ئىشلەپ ھالالدىن تۇرمۇش كەچۈرگەن. چۈنكى، ئۇ يىللاردا رەزىل سىياسەت تۈپەيلىدىن تالىپ ئوقۇتۇش، جامائەتلەرگە ۋەز ئېيتىش ۋە دەرس ئۆگىتىش دېگەندەك دىنىي خىزمەتلەرنى قىلىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

1979 - يىللاردىن كېيىن شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئومۇمىي ۋەزىيىتىدە بىرئاز ياخشىلىنىش بولدى. مەدەنىيەت زور ئىنقىلابىدىكى سىياسىي بوران - چاپقۇنلاردىن ئامان قالغان ياكى جازا مۇددىتى توشۇپ قويۇپ بېرىلگەن بىر قىسىم ئالىم - ئۆلىمالار، مۇدەررىس - ئۇستازلار، ۋەزخان - دەۋەتچىلەر قايتىدىن دىنىي خىزمەتلەرنى جانلاندۇرۇشقا باشلىدى. ئىبتىلغا ئايلاندۇرۇۋېتىلگەن، يىقىۋېتىلگەن ياكى تاقىۋېتىلگەن مەسچىتلەرنى قايتىدىن ئەسلىگە كەلتۈرۈش دولقۇنى قوزغالدى. كىشىلەر دىنىي پائالىيەتلەردە نىسبەتەن ئەركىنلىككە ئېرىشتى. 30 يىللىق قارا كۈنلەر ئاخىرلىشىپ، گويا جۇتتىن كېيىنكى باھاردەك ۋەزىيەت بارلىققا كەلدى. بۇ چاغلاردا مۇھەممەد قۇربان داموللاھاجىمنىڭ يۈرىكىدە يوشۇرۇنۇپ ياتقان ئىسلام ئۈچۈن خىزمەت قىلىش ئىشتىياقى تېخىمۇ يالقۇنجاشقا باشلىدى.

## نۇرلۇق مەسچىتنىڭ بىنا قىلىنىشى

نۇرلۇق مەسچىتى جايلاشقان مەھەللىدە ئەسلىدە هاراقكەش، نەشىكەش، قىمارۋاز، ئوغرى، پاھىشىۋاز قاتارلىق ناچار ئادەملەر ناھايىتى كۆپ ئىدى. بۇ يەردە كونا، تاشلاندۇق بىر قەبرىستانلىق بولۇپ، بىر بۇلۇڭىدا ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 20 مېتىر، كەڭلىكى 15 مېتىر كېلىدىغان ئەخلەت دۆۋىسىگە ئايلانغان بىر پارچە يەر بار ئىدى. 1980 - يىلى مۇھەممەد ئابدۇللاھ مەخسۇم هاجىم ۋە مۇھەممەد قۇربان داموللام قاتارلىقلار بۇ جايغا بىر مەسچىت سېلىشنى پىلانلىدى ۋە جامائەتلەرنى ھەرىكەتكە كەلتۈرۈپ، ئەخلەتلەرنى بىر تەرەپ قىلدى. بارات هاجىم، شاكىر هاجىم قاتارلىقلارنىڭ ئىقتىسادىي ياردىمىدە قىسقا ۋاقىت ئىچىدىلا خام خىش بىلەن قوپۇرۇلغان، چىرايلىق بىر مەسچىت بىنا قىلىندى. مەسچىتنىڭ يېنىدا ئىككى ئېغىز ئۆي بار ئىدى. بۇ ئۆيدە مۇساپىرلار ۋە تالىپلار يېتىپ - قوپاتتى.

مۇھەممەد قۇربان داموللام بۇ مەسچىتتە ئىسلامىي دەۋەتنى باشلىۋەتتى. ھەر كۈنى ئەتىگەندە قۇرئان كەرىمنى تەپسىر قىلاتتى. 30 يىللىق كوممۇنىست ئاسارىتىدە ۋەز - نەسىھەتكە تەشنا بولغان، قۇرئان بۇلىقىدىن تەشنالىقىنى قاندۇرۇشنى ئويلىغان مەھەللە ئىچى ۋە سىرتىدىكى كىشىلەر بۇ مەسچىتكە يىغىلدى. مۇھەممەد قۇربان داموللاھاجىمنىڭ قايىل قىلارلىق شېرىن نەسىھەتلىرى بىلەن مەھەللىدىكى ناچار ئادەملەرمۇ بىر - بىرلەپ ياخشىلىنىپ، ئاكتىپ، ئىلغار جامائەتكە ئايلاندى. تەپسىر دەرسىنىڭ نامى تەرەپ - تەرەپكە تارالغاندىن كېيىن، بۇ مەسچىتكە كېلىدىغان جامائەتلەر كۈنسېرى كۆپىيىپ، سىغىشمايلا قالدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە تالىپلار كۈندىن -

كۈنگە كۆپىيىۋاتاتتى. شۇنىڭ بىلەن يېڭىدىن ئازادە، چوڭ بىر مەسچىت سېلىشقا جىددىي ئېھتىياج تۇغۇلدى.

## يېڭىدىن قەد كۆتۈرگەن نۇرلۇق مەسچىتى



سۈرەتتىكى نۇرلۇق مەسچىتنىڭ ئورنى ئەسلىدە كوپراتسىيە زامانىدىن قالغان ئات ئېغىلى ئىدى. 1985 - يىلى مۇھەممەد قۇربان داموللاھاجىم ئۇنى ئۆز يېنىدىن 2000 سوم چىقىرىپ سېتىۋالدى. ئۇنىڭ بەش قەۋەتلىك بىر مەسچىت سېلىش پىلانى بار ئىدى، بىراق بۇنىڭ ئۈچۈن شۇنچە ئۇرۇنۇپ باققان بولسىمۇ، دىنىي ئىشلار ئىدارىسىدىن ئىككى قەۋەتتىن يۇقىرىسىغا تەستىق ئالالمىدى. تۇرسۇنتوختى ھاجىمنىڭ ھەرىخانا ماڭىدىغان چوڭ بىر پارچە يېرى بار بولۇپ، ئۇ بۇ يېرىنى مەسچىت ئۈچۈن بەردى. مۇھەممەد قۇربان دامولاھاجىمنىڭ ئۆيىمۇ بۇ مەسچىتكە قوشنا بولۇپ، مەسچىتنىڭ ۋە مەسچىت سەيناسىنىڭ كەڭرەك چىقىشى ئۈچۈن، ئۆيىنىڭ ھويلىسىدىن ئۇزۇنلۇقى 20 مېتىر، كەڭلىكى 15 مېتىر ئەتراپىدا كېلىدىغان يەرنى ئىككىلەنمەي مەسچىتكە بېرىۋەتتى. شۇنىڭ بىلەن 1985 - يىلى باش ئەتىيازدا مەسچىت قۇرۇلۇشى باشلىنىپ كەتتى.

مۇھەممەد قۇربان دامولاھاجىم مەسچىتنىڭ قۇرۇلۇش ئىشلىرىغا باشتىن - ئاخىر ئۆزى يېتەكچىلىك قىلىپ، بىتونلارغا سۇ چېچىش دېگەندەك بەزى ئىشلارنى ئۆزى بىۋاسىتە قول تىقىپ قىلدى. شۇنداق قىلىپ، شۇ يىلى ئاخىرىغىچە ئۈچ قەۋەتلىك، ھويلىلىرى ئازادە، چوڭ بىر مەسچىت پۈتۈپ چىقتى. مەسچىت پۈتكەندە، پۈتۈن جامائەتلەر چاقىرىلىپ، ھەممەيلەن ئىككى رەكئەت شۈكۈر نامىزى ئوقۇشتى. داڭلىق قارىي قابىل قارىھاجىم ئاجايىپ مۇڭلۇق قىرائەت قىلدى. مۇھەممەد قۇربان دامولاھاجىممۇ ئىنتايىن تەسىرلىك تەبلىغ قىلدى، جامائەتنىڭ قەلبى تىترەپ، كۆزلىرى خۇشاللىق ياشلىرىغا تولدى ۋە ھۆر - ھۆر يىغا ئاۋازى بىلەن پۈتۈن مەسچىت لەرزىگە كەلدى.

سۈرەتتىكى مەسچىت مۇنارى بولسا 1986 - يىلى، يەنى مەسچىت قۇرۇلۇشى پۈتۈپ بىر يىلدىن كېيىن پۈتۈپ چىققان. مۇنارلىق بۇ دەرۋازا چوڭ يولدىن ئۆتكەن ھەر كىشىنىڭ كۆزىگە چېلىقىپ تۇرۇشى ئۈچۈن، كوچا ئاخىرىغا مۇناسىپ شەكىلدە قويۇلغان ئىدى. مەسچىتنىڭ بىرىنچى قەۋىتىدە ناماز ئوقۇلاتتى، ئىككىنچى قەۋىتىدە 10 يىلغا قەدەر

150 ئەتراپىدا تالىپ يېتىپ - قوپۇپ دەرس ئوقۇيتتى. جۈمە ۋە ھېيت نامازلىرىدا ئۇ يەردىمۇ ناماز ئوقۇلاتتى.

دىمەك، نۇرلۇق مەسچىت ھەم مەسچىتلىك، ھەم مەدرىسەلىك ۋەزىپىسىنى ئۆتىگەن، ئىسمى جىسمىغا لايىق نۇرلۇق بىر مەسچىت ئىدى.

## مۇھەممەد قۇربان داموللاھاجىم مۇنبەردە

مۇھەممەد قۇربان داموللاھاجىم 1980 - يىللاردا نۇرلۇق مەسچىتىنىڭ خاتىپلىق ۋەزىپىسىدىن پايدىلىنىپ، جۈمە خۇتبىسىدە ئۇيغۇرچە تەبلىغ قىلىشنى يولغا قويغان. بۇ، شەرقىي تۈركىستاندا، جۈملىدىن خوتەندە مەدەنىيەت ئىنقىلابىدىن كېيىن، جۈمە خۇتبىلىرىدە تۇنجى قېتىم ئۇيغۇرچە تەبلىغنىڭ باشلانغۇچ قەدىمى بولۇشى مۇمكىن. ئۇنىڭ چۈشىنىشلىك ۋەز - نەسىھەتلىرىنى ئاڭلاش ئۈچۈن خوتەننىڭ يىراق - يېقىن يېزىلىرىدىن، ھەتتا قاراقاش، يورۇڭقاش، لوپ ناھىيەلىرىدىن كەلگەن جامائەتلەر مەسچىتكە سىغىشماي قالاتتى، ھەتتا بەزىدە يوللار توسۇلۇپ قالاتتى. مۇھەممەد قۇربان داموللاھاجىمنىڭ ئەينى چاغدا جۈمە خۇتبىسىدە سۆزلىگەن ۋەز - نەسىھەتلىرى ۋە قۇرئان كەرىم تەپسىرىنىڭ ئۈنگە ئېلىنغان لېنتىلىرى ھېلىھەم چەتئەلدىكى بەزى كىشىلەرنىڭ قولىدا ئەتىۋارلىنىپ ساقلانماقتا.

ئەينى چاغلاردا شەرقىي تۈركىستاندا، جۈملىدىن خوتەندە بىرەر ئالىمنىڭ مەسچىت ياكى جامائەت سورۇنلىرىدا فىقھى ۋە باشقا بىر قىسىم كىتابلاردىن ۋەز ئېيتىشى ئومۇملاشقان ئىش بولسىمۇ، قۇرئان كەرىمگە تەپسىر ئېيتىشى قارشىلىققا ئۇچرايتتى. ئىشەنچلىك تەپسىرلەرگە تايىنىپ سۆزلىسىمۇ، قوبۇل قىلىنمايتتى. بۇنداق قىلىش ئارقىلىق بىر تەرەپتىن سالاھىيەتسىز كىشىلەرنىڭ قۇرئانغا قالايمىقان مەنە ئېيتىپ، ئۆز خاھىشىغا سۇيىئىستېمال قىلىشىنىڭ ئالدى ئېلىنسىمۇ، يەنە بىر تەرەپتىن سالاھىيەتلىك ئىلىم ئەھلىلىرىمۇ تەپسىردىن ئۆزاقلاشتۇرۇلغاچقا، مۇسۇلمانلار ئاللاھنىڭ كالامىنى چۈشىنىشتىن مەھرۇم قالاتتى.

مۇھەممەد قۇربان داموللاھاجىم بىز بىلگەن مەلۇماتلارغا قارىغاندا، تولۇپ - تاشقان جاسارەت ۋە ھىممەت بىلەن قۇرئان كەرىمنى مەسچىتتە تۇنجى قېتىم باشتىن - ئاخىر تەپسىر قىلغان ئالىم بولسا كېرەك. مۇھەممەد قۇربان داموللاھاجىم 1976 - ۋە 1980 - يىللىرىدىن باشلاپ، ھەر كۈنى بامدات نامىزىدىن كېيىن قۇرئان كەرىمنى ئاغزاكى تەپسىر قىلدى. ئۇزۇن يىللاردىن بېرى قۇرئان كەرىمنىڭ شېرىن بۇلىقىدىن سۇ ئىچەلمەي قاغجىراپ قالغان مۇسۇلمان خەلق تەرەپ - تەرەپتىن بۇ مەسچىتكە سەلدەك ئېقىپ كېلىپ،

مەسچىت ئىچىگە سىغىشماي قالدى. شۇنداق قىلىپ، مۇھەممەد قۇربان داموللاھاجىم ۋاپات بولغانغا قەدەر بۇ مۇبارەك مەسچىتتە قۇرئان كەرىمنى باشتىن - ئاخىر ئىككى قېتىم تەپسىر قىلىپ، كەڭ مۇسۇلمان ئاممىسى بىلەن يۈز كۆرۈشتۈردى. ئۇنىڭ ۋەز - نەسىھەت ۋە دەرسلىرى ئۇنئالغۇغا ئېلىنىپ، كۆپەيتىلىپ شەرقىي تۈركىستاننىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا كەڭ تارقىتىلدى ۋە كەڭ مۇسۇلمان ئاممىسى ئۇنىڭدىن ئىنتايىن ياخشى پايدىلاندى.

## مۇھەممەد قۇربان داموللاھاجىمنىڭ مۇدەررىسلىك ھاياتى

مۇھەممەد قۇربان داموللاھاجىم 1980-يىللاردىن كېيىن، ئىشتىن سىرتقى ۋاقىتلاردا نۇرلۇق مەسچىتتە نۇرغۇنلىغان تالىپلارغا دەرس بېرىشكە باشلىغان بولۇپ، تىلى راۋان، ئەدەبىي نۇتۇق تالانتى يۇقىرى ئىدى. ئېغىزىدىن تامغان بال كەبى سۆزلەر ئاۋام - خەلقتىن سىرت، تالىپ - شاگىرت، ئالىم - ئۆلىمالارنىڭمۇ زوقىنى كەلتۈرەتتى. ئۇزۇن ئۆتمەي، ئۇنىڭ نامى ئەتراپقا تارالدى، تالىپلار نۇرلۇق مەسچىتنى ئاۋات قىلىشقا باشلىدى. مۇھەممەد قۇربان داموللاھاجىم تالىپلارغا ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلەتتى، دەرسلەرنى قېتىرقىنىپ، ئەڭ ياخشى شەكىلدە ئۆتۈشكە تىرىشاتتى.

مۇھەممەد قۇربان داموللاھاجىم بامدات نامىزىنىڭ ئالدىدا ئىككى دەرس، نامازدىن كېيىن بىر دەرس ئۆتۈپ، ئاندىن ناشتا قىلىۋالغاندىن كېيىن، قۇرۇلۇش ئىدارىسىدىكى ئىشىغا ماڭاتتى. داموللاھاجىمنىڭ ئۆ يەردىكى ئىشى ناھايىتى يەڭگىل بولۇپ، مەسلىھەت ۋە يولىيورۇق بېرىپ، سائەت 11:00 لەردە قايتىپ كېلەتتى ۋە پېشىن نامىزىغىچە ئۇخلىۋالاتتى. پېشىندىن كېيىن بىر دەرس ئۆتۈپ، يەنە ئىشقا ماڭاتتى ۋە ئەسىر نامىزىغا قايتىپ كېلەتتى. ئاندىن شام نامىزىغىچە ئۆيىدىكى ئىشخانىسىغا كىرىپ، دەرس تەييارلىقى قىلاتتى، كىتاب كۆرەتتى، قۇرۇلۇش خەرىتىلىرىنى سىزاتتى. شام نامىزىدىن خۇپتەن نامىزىغىچە يەنە بىر دەرس ئۆتۈپ، خۇپتەندىن كېيىن بالدۇر ئارام ئالاتتى. بامدات نامىزىدىن بۇرۇنقى دەرسلىرىدە 60 — 50، باشقا ۋاقىتلاردىكى ھەر دەرسىدە 300 — 200 ئەتراپىدا تالىپ ئوقۇيتتى.

مۇھەممەد قۇربان داموللاھاجىم تالىپلارغا تۈركىستاندا ئەسىرلەردىن بېرى مەدرىسەلەردە ئوقۇتۇلۇپ كېلىۋاتقان كلاسسىك دىنىي ۋە ئەدەبىي ئەسەرلەرنى دەرسلىك قىلغانلىقىنىڭ سىرتىدا مىسىر جەدىدىزم ھەرىكىتىنىڭ پېشىۋالىرىدىن مۇھەممەد ئابدۇھ، مۇھەممەد رەشىد رىزا، سەلەپىيە ئېقىمىنىڭ 18 - ئەسىردىكى يولباشچىلىرىدىن مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇلۋاھھاب

قاتارلىقلارنىڭ كىتابلىرىنى تۈنجى بولۇپ دەرس پىروگراممىسىغا كىرگۈزۈپ، ئوقۇتۇشنى يولغا قويغان. بۇ ئەھۋال خوتەندە بىر قىسىم دىنىي ئىختىلاپلارغا سەۋەب بولغان بولسىمۇ، بۇ كىتابلار كىشىلەرنىڭ جاھالەت ۋە ئاسارەت ئۇيقۇسىدىن ئويغىنىپ، بىر تۈركۈم ئويغاق، ئىلغار ياشلارنىڭ يېتىشىپ چىقىشىغا تۈرتكە بولغان.

### مۇھەممەد قۇربان داموللاھاجىمنىڭ دەرسلىك پىروگراممىسى

نۇرلۇق مەسچىتى ھەققەتەنمۇ ئىسمى جىسمىغا لايىق مەسچىت ئىدى. مۇھەممەد قۇربان داموللاھاجىم ئۇ مەسچىتتە بىر تەرەپتىن قۇرئان كەرىمنى تەپسىر قىلىش، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىسلىرىنى ئۆگىتىش ۋە باشقا پايدىلىق كىتابلاردىن ۋەز - نەسىھەت قىلىش ئارقىلىق ئەل - جامائەتنىڭ قەلبىگە ئىلىم نۇرى چاچسا، يەنە بىر تەرەپتىن مەسچىتنىڭ ئىككىنچى قەۋىتىدە ياتاقلىشىپ ئوقۇيدىغان 100 نەپەرگە يېقىن تالىپ ۋە كېلىپ - كېتىپ ئوقۇيدىغان نۇرغۇن تالىپلارغا ئىزچىل دەرس ئۆگىتىش ئارقىلىق، ئۇلارنىڭ قەلبىگە ئىلىم نۇرى چاچاتتى.

مۇھەممەد قۇربان داموللاھاجىممۇ ئەتراپىدىكى باشقا مۇدەررىسلەرگە ئوخشاش بۇخارا، قەشقەر ۋە خوتەن مەدرىسلىرىدە ئەسىرلەردىن بېرى دەرسلىك قىلىنىپ، نۇرغۇنلىغان كاتتا، زەبەردەست ئۆلىمالارنىڭ يېتىشىپ چىقىشىدا تۈرتكىلىك رول ئوينىغان كىلاسسىك دەرسلىك پىروگراممىسىنى قولدىن بەرمىگەن ئاساستا، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالى ۋە مۇسۇلمانلار جەمئىيىتىنىڭ ئېھتىياجىغا مۇناسىپ كىتابلارنىمۇ دەرسلىك پىروگراممىسىغا كىرگۈزگەن بولۇپ، مۇنۇ كىتابلارنى كۆپرەك دەرسلىك قىلاتتى:

- **بالاغەت ئىلمى:** جالالىددىن قەزۋىنىينىڭ «تەلخىيسۇل مىفتاھ»، سەئىددىن تەفتازانىينىڭ «مۇختەسەر مەئانىي (شەرھى تەلخىس)» قاتارلىق كىتابلار.
- **نەسرىي ئەدەبىيات:** ئەبۇ مۇھەممەد ھەرىرىينىڭ «ماقاماتى ھەرىيرىي» قاتارلىقلار.
- **شېئىرىي ئەدەبىيات:** ئابدۇقادىر داموللامنىڭ «مىفتاھۇل ئەدەب»، ئەبۇ تەممامنىڭ «ھەماسە» قاتارلىق كىتابلار.
- **ھەدىس ئىلمى:** مۇھەممەد خەتىب تىبرىزىينىڭ «مىشكاتۇل مەسابىھ»، مۇھەممەد فۇئاد ئابدۇلباقىينىڭ «ئەللۇئلۇئ ۋەلمەرجان»، مۇھەممەد ئىبنى ئىسمائىل بۇخارىينىڭ «سەھىھ بۇخارىي»، ئىمام مۇسلىمنىڭ «سەھىھ مۇسلىم» قاتارلىق كىتابلار.
- **تەپسىر ئىلمى:** جالالىددىن سۇيۇتىي ۋە جالالىددىن مەھەللىينىڭ «تەپسىر جەلالەين»، قازى ناسىرىددىن بەيزاۋىنىڭ «تەپسىر بەيزاۋى»، مۇھەممەد رەشىد رىزانىڭ «تەپسىرى مەنار» قاتارلىق كىتابلار.
- **فىقھى ئىلمى:** ئۇبەيدۇللاھ ئىبنى

مەسئۇدنىڭ «مۇختەسەر ۋىقايە»، ئەلى ئىبنى ئەبى بەكرى مەرغىنانىينىڭ «ھىدايە» قاتارلىق كىتابلار.

. **ئەقىدە ئىلمى:** ئىمام تاھاۋىينىڭ «ئەقىدە تاھاۋىيە»، مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇلۋاھھابنىڭ «كىتابۇتتەۋھىد» ۋە ئۇنىڭ شەرھىسى «فەتھۇلمەجىد»، ئەبۇ بەكرى ئەلجەزائىرىينىڭ «ئەقىدەتۇلمۇئمىن»، شەيخ ئابدۇلفەتتاھنىڭ «رۇھۇددىينىل ئىسلامىي» قاتارلىقلار.

. «مىنھاجۇلمۇسلىم» كىتابىنىمۇ دەرسلىك قىلىپ ئۆگەتكەن.

## مۇھەممەد قۇربان داموللاھاجىمنىڭ تەپسىر ئىلمىدىكى قابىلىيىتى

مۇھەممەد قۇربان داموللاھاجىم يۇقىرى مەلۇماتلىق، تۇرلۇك ئىلىملەرگە ماھىر، بولۇپمۇ تەپسىر ئىلمى ۋە ئەرەب تىل - ئەدەبىياتىدا ئالاھىدە ئىقتىدارغا ئىگە، يېتۈك ئالىم ئىدى. مۇدەررىسلىك ھاياتىدا جالالىددىن سۇيۇتىي ۋە جالالىددىن مەھەللىينىڭ «تەپسىر جەلالەين»، مۇھەممەد رەشىد رىزانىڭ «تەپسىرى مەنار» قاتارلىقلارنى كۆپ ئۆگەتكەن ۋە قازى ناسىرىددىن بەيزاۋىنىڭ «تەپسىر بەيزاۋى» دەپ تونۇلغان كىلاسسىك تەپسىرىنى باشتىن - ئاخىر نەچچە قېتىم تۇگەتكەن ئىدى. ھەر يىلى رامىزاندا كىشىلەرنىڭ قۇرئان كەرىم بىلەن باشتىن - ئاخىر تونۇشۇپ چىقىشى ئۇچۇن، ھەرقايسى تەپسىرلەردىن ئەتراپلىق تەييارلىق قىلىپ، قۇرئان كەرىمنىڭ كەلىمە تەپسىرىدىن دەرس سۆزلەپ بېرەتتى. بۇ خىل تەپسىرلەش ئۇسلۇبى «لەۋزى قۇرئان» دەپ تونۇلغان ئىدى. قۇرئان كەرىمنىڭ مەنىلىرى بىلەن قىسقا ۋاقىت ئىچىدە باشتىن - ئاخىر تونۇشۇپ چىقىشنى مەقسەت قىلغان بىر قىسىم تالىپلارمۇ «لەۋزى قۇرئان» دەرسى ئوقۇيتتى. مۇھەممەد قۇربان داموللاھاجىم تەپسىر ئىلمىنى ئوقۇش ۋە ئۆگىتىش بىلەن كۆپ شۇغۇللانغان بولغاچقا، بۇ ساھەدە مەشھۇر بولغان ئىدى. ئۇنىڭ ئەڭ يېقىن سەپداشلىرىدىن مەشھۇر مۇدەررىس ۋە ئىسلاھاتچى ئالىم ئابدۇلئەھەد مەخسۇم ھاجىم مۇنداق دېگەن ئىدى: «تەپسىر ئىلمىنى مۇھەممەد قۇربان دامولللاھاجىمدا ئوقۇغۇچىلار، سۇنى بۇلىقىدىن ئىچكەندەك بولىسىلەر».

## مۇھەممەد قۇربان دامولللاھاجىمنىڭ دىنىي مائارىپقا كۆڭۈل بۆلۈشى

مۇھەممەد قۇربان دامولللاھاجىم دىنىي مائارىپقا ھەقىقەتەن كۆڭۈل بۆلىدىغان مەرىپەتپەرۋەر ئالىم ئىدى. ئۇ تەتۈر سىياسەتلەر ئارقىلىق نادان قالدۇرۇلغان بىر ئەۋلاد خەلقكە نىسبەتەن ئومۇمىيۈزلۈك ئاقارتىش ھەرىكىتى ئېلىپ بېرىش كېرەك، دىنىي ئىلىم بىلەن نۇرلانمىغان بىرمۇ ئائىلە قالماسلىقى كېرەك، دەپ قارايتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن، بىر تەرەپتىن قۇرۇلۇشچىلىق قىلىپ ھالال كەسىپ قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن ھېرىپ - چارچاپ قالغىنىغا

قارىماي، ئوقۇ - ئوقۇتۇشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرەتتى.

مۇھەممەد قۇربان داموللاھاجىمنىڭ ئىشەنچلىك، ئىخلاسمەن ھەم تەقۋادار تالىپلىرىدىن بىرىنىڭ گۇۋاھلىق بېرىشىچە، مۇھەممەد قۇربان داموللاھاجىم قۇرۇلۇش خەرىتىلىرىنى سىزىشقا ماھىر بولۇپ، ئادەتتىكى ئۆينىڭ خەرىتىسى تۇگۇل، بىنا - ئىمارەتلەرنىڭ خەرىتىسىنىمۇ سىزالايتتى ۋە بۇ ئارقىلىق يۇقىرى كىرىم يارىتاتتى. مۇھەممەد قۇربان داموللاھاجىم قۇرۇلۇشچىلىقتىن كىرگەن كىرىمنى ئائىلە چىقىملىرىغا ئىشلىتەتتى. خەرىتە سىزىشتىن كىرگەن كىرىمنى خوتەننىڭ شەھەر ۋە يېزىلىرىدىكى تالىپلىرى كۆپ، دەرس ئۆگىتىشكە ئۆزىنى بېغىشلىغان مۇدەررىس ئۇستازلارغا ھەمدە قارىي يېتىشتۈرىدىغان مەشھۇر قارىيلارغا ئايلىق مائاش تارقىتىپ بېرەتتى. ئادەتتە پۇل كونۋېرتقا سېلىنىپ يوللىناتتى. بالىچاقىلىرى كۆپ، تۇرمۇش قىيىنچىلىقى بار مۇدەررىسلەرگە كۆپرەك، بالىچاقىلىرى ئاز مۇدەررىسلەرگە ئازراق، قىسقىسى، ھەركىمنىڭ ئېھتىياجىنى قامدىغۇدەك دەرىجىدە بېرەتتى. مائاش تارقىتىشقا ئۆزىنىڭ ئىشەنچلىك ھەم ئىخلاسمەن، تەقۋادار تالىپىدىن بىرىنى (بۇ كىشى ھېلىھەم ھايات) مەسئۇل قىلاتتى. مۇھەممەد قۇربان داموللاھاجىم بۇ ئىشنى تاكى ۋاپات بولغانغا قەدەر داۋاملاشتۇرغان ئىدى. مۇدەررىسلەردىن بىرىنىڭ تۇرمۇشى ياخشىلىنىپ قالسا، ئورنىغا يەنە بىرىنى دەسسىتەتتى. مۇدەررىسلەرمۇ ئىنتايىن ئىخلاسمەن بولۇپ، تۇرمۇشى سەللا ياخشىلىنىپ قالسا، بۇ پۇلنى ئېلىشنى رەت قىلاتتى. ھەرگىزمۇ بەزىلەردەك «مۇت، زەھەر بولسىمۇ يۇت» دەپ چۈنتەككە سېلىۋەرمەيتتى.

ئاتاقلىق مۇدەررىسلەردىن ئابدۇلئەھەدخان مەخسۇمھاجىم، مۇھەممەد ئەلىي ئاخۇن خەلپىتىم، مۇھەممەد زاكىر خەلپىتىم، ئابدۇللاھ روزى داموللاھاجىم، تۇرسۇننىياز ئاخۇن خەلپىتىم، مۇھەممەد تۇرسۇن ئاخۇنۇم (ئايرودۇرۇم يېنىدىكى سۇپىسىي مەھەللىسىدىن)، سەيدىن ھاجىم (ھالالباغ)، ئابدۇجېلىل ھاجىم (توساللادىن) قاتارلىقلار ۋە مەشھۇر قارىيلاردىن: قابىل قارىھاجىم، ئابدۇغېنىي قارىھاجىم (ھازىر ئاۋستىرالىيەدىكى دوكتور ئابدۇسالام قارىمنىڭ دادىسى)، شەمسىدىن قارىھاجىم، ئوبۇلھەسەن قارىھاجىم، ئابدۇمىجىد قارىھاجىم، مەتتوختى ئاخۇن خەلپىتىم (كېرىيە ئويتوغراق) قاتارلىقلار مۇھەممەد قۇربان داموللاھاجىمنىڭ ئايلىق تەمىنات بېرىشى ۋە يېقىندىن كۆڭۈل بۆلۈشى بىلەن مۇدەررىسلىك قىلىپ نۇرغۇن ئالىم ۋە ئوقۇمۇشلۇق بىلىم ئىگىلىرىنى يېتىشتۈرۈپ چىقارغان مۇدەررىس ئۆلىما ۋە ئۇستازلاردىن ئىدى.

مۇھەممەد قۇربان داموللاھاجىم بۇلاردىن باشقا يەنە ئىسمى تىلغا ئېلىنمىغان نۇرغۇن مۇدەررىس ۋە قارىيلارغا، ھەتتا تالىپلىرى ئىچىدىن ياخشى ئوقۇپ كۆزگە كۆرۈنگەن، كەلگۈسىدە ئالىم بولۇپ، دىن ئۈچۈن خىزمەت قىلىشىنى ئۈمىد قىلغانلارغىمۇ ئايلىق تەمىنات پۇلى بېرەتتى.

مۇھەممەد قۇربان داموللاھاجىم مۇدەررىسلىككە يارايدىغان ئىلىم ئەھلىلىرىنى بايقاپ قالسا، تۇرمۇش قىيىنچىلىقى بولسا ھەل قىلىپ، مۇدەررىسلىك قىلىشقا ياكى تېخىمۇ يۇقىرى ئۆرلەپ ئوقۇشقا تەرغىب قىلاتتى. خوتەن ئايرودۇرومى ئەتراپىدىكى سۇپىسي مەھەللىسىدە ئولتۇرىدىغان مۇھەممەد تۇرسۇن ئاخۇنۇم شۇلارنىڭ بىرى ئىدى. بۇ كىشى خېلى ئوبدانلا يېتىشكەن ئىلىم ئەھلى بولۇپ، مۇدەررىسلىك قىلىشقا يارايتتى. كوپراتسىيە زامانىدا دادۇيدىن ئۇنىڭغا 15 ئېشەكنى بېقىش ۋەزىپىسى تاپشۇرۇلغان ئىدى. مەلۇم بىر سۈيىقەست سەۋەبلىك ئېشەكلەرنىڭ ھەممىسى ئۆلۈپ كەتكەن. شۇنىڭ بىلەن مۇھەممەد تۇرسۇن ئاخۇنۇمغا ھەر ئېشەك ئۈچۈن بىر يىلدىن، جەمئىي 15 يىللىق ئۆي كېسىلگەن. ۋاپادار ئايالى ئۇنى تۈرمىدىن چىققۇچە ساقلىغان. ئۇ تۈرمىدىن چىققاندىن كېيىن، ئۇزۇن مۇددەت ئايرىلىپ قالغان ئىلمىي ھاياتىغا قايتىشنى ئارزۇ قىلغان. مۇھەممەد قۇربان دامولاھاجىم بۇ كىشىدىكى ئىلمىي ئىقتىدارنى بايقاپ، ھەر ئايدا مۇقىم تۇرمۇش پۇلى بېرىپ، مۇدەررىسلىك قىلىشقا ئورۇنلاشتۇرغان. مۇھەممەد تۇرسۇن ئاخۇنۇممۇ بىر تەرەپتىن دەرس ئۆتكەچ، يەنە بىر تەرەپتىن مۇھەممەد قۇربان دامولاھاجىمنىڭ دەرسلىرىگە قاتنىشىپ بىلىمىنى يۈكسەلدۈرگەن ۋە ئاستا - ئاستا پېشقان مۇدەررىسلەردىن بولۇپ قالغان.

**مۇھەممەد قۇربان دامولاھاجىم ھەمكارلىق ئورناتقان سەپداش ئالىملار**

مۇھەممەد قۇربان دامولاھاجىم ئىنتايىن ئاقكۆڭۈل، ساپ نىيەتلىك ئالىم بولۇپ، يۈز - ئابرۇي، نام - شۆھرەت قوغلاشمايتتى. ئەزىزانە خەلقنى جاھالەت پاتقىقىدىن ۋە مۇتەئەسسىپلىك سىرتمىقىدىن قۇتقۇزۇپ، ساغلام ئەقىدىلىك، يۇقىرى ئاڭ - ساپالىق، ئىلغار مەدەنىيەتلىك، تەرەققىيپەرۋەر مۇسۇلمانلاردىن قىلىپ يېتىشتۈرۈپ چىقىش ئۇنىڭ بىردىنبىر نىشانى ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، بۇ يولدا ئۇ ئۆز يېنىدىن مال - مۈلۈك سەرپ قىلدى، ۋاقتىنى ۋە ھاياتىنى بېغىشلىدى، يۈز - ئابرۇي ۋە نام - شۆھرەت قوغلاشمىدى.

مۇھەممەد قۇربان دامولاھاجىم ئەقىدە ۋە پىكىر ئورتاقلىقىغا ئىگە ھەمدە ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ دەردىنى ئۆز دەردى دەپ بىلگەن غايىلىك

ئۆلىما ۋە مۇدەررىس سەپداشلىرىدىن مۇھەممەد زاكىر خەلىپىتىم، ئابدۇللاھ روزى داموللاھاجىم، ئابدۇلئەھەدخان مەخسۇم ھاجىم، مۇھەممەد ئەلى خەلىپىتىم، تۇرسۇننىياز خەلىپىتىم، مۇھەممەد ئابدۇللاھ مەخسۇم ھاجىم، قابىل قارىھاجىم قاتارلىقلارنى 15 كۈندە بىر قېتىم ئۆيىگە چاقىرىپ، مېھمان قىلاتتى. داموللاھاجىم ئۇلار بىلەن مۇھىم مەسىلىلەردە پىكىرلىشەتتى، ھەمكارلىشىپ ئۆتەتتى، بىرىنىڭ تالىپلىرى يەنە بىرىنىڭ يېنىدا بىمالال دەرس ئوقۇيالايتتى. دەرس ۋاقىتلىرى ئۆزئارا ئۇدۇل كېلىپ قالسا، بىر - بىرىگە يول قويۇشۇپ، تالىپلارغا دەرسكە قاتنىشىش پۇرسىتى يارىتىپ بېرەتتى؛ تالىپلىرىغا بىر - بىرىنىڭ ياخشى گېپىنى قىلىپ، ھۆرمەت تۇيغۇسىنى قوزغايتتى؛ بىرىنىڭ يامان گېپىنى كۆتۈرۈپ كەلسە، رەددىيە بېرىپ يولغا سالاتتى. بۇ ئارقىلىق يامان غەرەزلىك ياكى ساددا كىشىلەرنىڭ ئارىلىرىغا سوغۇقچىلىق ياكى زىددىيەت سېلىشىغا يول قويمايتتى. ھالبۇكى، بۇنداق ئالىيجاناب خىسلەت بىر قىسىم مۇدەررىسلەردە كەم تېپىلاتتى.

## مۇھەممەد قۇربان داموللاھاجىمنىڭ كۈندىلىك ھاياتى ۋە گۈزەل ئەخلاقى

ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ ئېيتىپ بېرىشىچە، مۇھەممەد قۇربان داموللاھاجىم قۇرئان كەرىمنى كۆپ ئوقۇيتتى. ئۆزى قارىي بولمىسىمۇ، قۇرئاننى كۆپ ئوقۇغانلىقتىن ياد بولۇپ كەتكەندەكلا ئىدى. قىشقۇياز كېچە سائەت 3:00 تىن بۇرۇن ئورنىدىن تۇرۇپ، تەھەججۇد نامىزى ئوقۇيتتى. تالىپلىرىنىڭ گۇۋاھلىق بېرىشىچە، داموللام تەھەججۇد نامىزىنى تاشلىمايتتى. بامداتنىڭ ئالدىدا ئىككى دەرس، بامداتتىن كېيىن بىر دەرس ئۆتكۈزۈپ، ناشتا قىلغاندىن كېيىن، قۇرۇلۇش ئىدارىسىگە باراتتى. ئۇنىڭ ئۇ يەردىكى ئىشى يەڭگىل بولۇپ، مەسلىھەت ۋە يولىيورۇق بېرىپ، سائەت 11:00 لەردە قايتىپ كېلەتتى ۋە پېشىن نامىزىغىچە ئۇخلىۋالاتتى. پېشىندىن كېيىن بىر دەرس ئۆتكۈزۈپ، يەنە ئىشقا ماڭاتتى ۋە ئەسىر نامىزغا قايتىپ كېلەتتى. ئاندىن شام نامىزىغىچە ئۆيىدىكى ئىشخانىسىغا كىرىپ، دەرس تەييارلىقى قىلاتتى، كىتاب كۆرەتتى، قۇرۇلۇش خەرىتىلىرىنى سىزاتتى. شام نامىزىدىن خۇپتەن نامىزىغىچە يەنە بىر دەرس ئۆتكۈزۈپ، خۇپتەندىن كېيىن بالدۇر ئارام ئالاتتى. بامدات نامىزىدىن بۇرۇنقى دەرسلىرىدە 60 — 50 تالىپ بار ئىدى، باشقا ۋاقىتلاردىكى ھەر دەرسىدە 300 — 200 ئەتراپىدا تالىپ دەرس ئوقۇيتتى.

مۇھەممەد قۇربان داموللاھاجىم نەپلە روزا تۇتۇشقا بەكمۇ ئەھمىيەت بېرەتتى، ھەر دۈشەنبە، چارشەنبە ۋە پەيشەنبە كۈنلىرى روزا تۇتاتتى، كۈن ئارىلاپ روزا تۇتۇشنى قىشقۇياز قولدىن بەرمەيتتى. ناھايىتى

سېخىي، مېھماندوست، روزىدارلارنى ئىپتار قىلدۇرۇشقا ئامراق ئىدى، ھەر يىلى رامىزاندا جامائەتلەرنى ئۆزى باشلامچىلىق قىلىپ ئىپتار قىلدۇراتتى.

تۇرمۇشتا ئىنتايىن ئاددىي - ساددا ئىدى. ئاددىي، ئەمما پاكىز كىيىنەتتى؛ بەزىدە پىيادە، بەزىدە ۋېلىسىپىت ياكى موتوسىكلىت مىنىپ يۈرەتتى؛ تالىپلاردىن بىر تىيىنمۇ ھەق ئالماي، ھەر كۈنى نەچچە سائەتلەپ دەرس ئۆگىتەتتى؛ ئىنتايىن تەمكىن بولۇپ، تىلى راۋان، ھازىرجاۋاب، مۇنازىرىگە ماھىر ئىدى؛ ئاز، ئەمما سازگەپ قىلاتتى؛ چىرايىدىن ياخشىلىقنىڭ ئالامىتى يېغىپلا تۇراتتى؛ ئىش - ھەرىكىتى دۇرۇس، قەلبى ساپ، باشقىلارنىڭ ئەيىبىنى ياپىدىغان، ئېسىل كىشى ئىدى؛ خەيرسۆيەر بولۇپ، دائىم سەدىقە قىلىپ تۇراتتى؛ نەسىھەت قىلىشقا ماھىر بولۇپ، كىشىلەرگە سەممىي نەسىھەت قىلاتتى ۋە مەنپەئەتلىك مەسلىھەتلەرنى بېرەتتى. ناھايىتى پەرھىزكار ۋە تەقۋادار ئىدى، شۈبھىلىك يېمەكلىكلەردىن ئۆزىنى تارتاتتى، ئۇدۇل كەلگەن زىياپەتلەرگە بارمايتتى. دەرس ئۆگىتىشكە ئىنتايىن ئەھمىيەت بەرگەنلىكتىن، كۆپىنچە مېيىت نامازلىرى ۋە توي - تۆكۈنلەرگە ئۆزرە ئېيتاتتى. تالىپلارنىڭ ۋاقتىنى چىڭ تۇتاتتى، دەرسكە كېچىكىپ قالمايتتى، ئىلىمگە ئاشىق ئىدى، ئالىملارغا بەكمۇ ھۆرمەت قىلاتتى، قىيىنچىلىقلىرىغا يېقىندىن ياردەملىشەتتى، بىرىنىڭ قىيىنچىلىقى بارلىقىنى ئاڭلاپ قالسا، تاكى ھەل قىلمىغۇچە كۆزىگە ئۇيقۇ كىرمەيتتى. سۈننەتنى چىڭ تۇتۇپ، بىدئەتتىن يىراق تۇراتتى ۋە كىشىلەرنىمۇ شۇنداق قىلىشقا تەشۋىق قىلاتتى. ئائىلىسى ۋە جامائىتى ئالدىدىكى مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىشقا ناھايىتى ئەھمىيەت بېرەتتى. ئەل ئىچىدىكى مۇشكۇلاتلارنىڭ چارىسىنى تېپىش ۋە ھەل قىلىش ئۈچۈن دائىم ئىزدىنەتتى. قۇرئان كەرىمنى تاھارەتسىز تۇتمىغاندىن باشقا، يەنە ھەدىس ۋە تەپسىر كىتابلىرىنى ھەتتا كىلاسسىك ئەرەب ئەدەبىياتىغا ئائىت كىتابلارنىمۇ تاھارەتسىز تۇتماسلىققا تىرىشاتتى. داموللام كىتاب مەستانىسى بولۇپ، كۆپ ھاللاردا قولىدىن كىتاب چۈشمەيتتى. خەلقنى ئويغىتىش خاراكتېرىدىكى پىكرىي كىتابلارنى كۆپ ئوقۇيتتى. سەييىد قۇتۇبنىڭ «فى زىلالىل قۇرئان» ناملىق مەشھۇر ئەسىرىدىن كۆپ پايدىلىناتتى.

## مۇھەممەد قۇربان داموللاھاجىمنىڭ ئەقىدە ۋە پىكىر يۆنىلىشى

مۇھەممەد قۇربان داموللاھاجىمنىڭ ئەقىدىسى ئىمام ئەھمەد رەھىمەھۇللاھ ۋە ئىمام بۇخارىي قاتارلىقلار يېتەكچىلىك قىلغان، ئىبنى تەيمىيە رەھىمەھۇللاھ ۋە

ئىبنى قەييىم جەۋزىي رەھىمەھۇللاھ تىرىشىپ مۇداپىئە قىلغان سەلەف ئەقىدىسى ئىدى. پىكرىي جەھەتتە مىسىر جەدىدىزىم ھەرىكىتىنىڭ پېشۋالىرىدىن شەيخ مۇھەممەد رەشىد رىزا، مىسىر مۇپتىسى شەيخ مۇھەممەد ئابدۇھ ۋە سەييىد قۇتۇب قاتارلىقلارنىڭ تەسىرىگە چوڭقۇر ئۇچرىغان. ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ئاشقۇن سوپىزملىقتىن كېلىپ چىققان شېرىك ۋە تۈرلۈك بىدئەتلەرنى تەنقىدلىگەن. سوپىزم يولىغا تۇتقان مۇئامىسىلىدە قۇرئان ۋە ھەدىسكە، شۇنداقلا ئىلگىرىكى سەلەف سالىھلارنىڭ يولىغا توغرا كەلگەنلىرىنى قوبۇل قىلىش، مۇخالىپ كەلگەنلىرىنى رەت قىلىش پىرىنسىپىنى قوللانغان ئىدى. سۈننەت ۋە بىدئەت مەسىلىلىرىدىكى مەيدانى قەتئىي بولسىمۇ، مېيىت دەپنە قىلىنىپ، ئۈچ كۈنگىچە قەبرىستانلىقتا چىقىپ تەبلىغ قىلىش قاتارلىق، مۇسۇلمانلارغا بولۇپمۇ ئىشغالىيەت ئاستىدىكى مۇسۇلمانلارغا مەنپەئەتلىك بىر قىسىم مەسىلىلەردە يەڭگىلتەكلىك بىلەن ھۆكۈم چىقارماي، ئۇنى قوللىغان، ھەتتا ئۆزى بېرىپ تەبلىغ قىلغان.

## مۇھەممەد قۇربان داموللاھاجىمنىڭ فىقھىي مەزھىپى

مۇھەممەد قۇربان داموللاھاجىم ئۇقۇمۇشلۇق، ئالىي مەلۇماتلىق، ئاڭ ساپالىق، ئىنسابلىق، يىراقنى كۆرەر ئالىم ئىدى. ئىسلام دىنى فىقھىي مەزھەپلىرى ئىچىدىكى، دۇنيادا ھەم ۋەتىنىمىزدە كەڭ تارقالغان ھەنەفىي مەزھىپىنى ئاساس قىلاتتى. بىز بۇنى ئۇنىڭ تالىپلىرىغا ھەنەفىي فىقھىسىنىڭ ئاساسىي كىتابلىرىدىن ئۇبەيدۇللاھ ئىبنى مەسئۇدنىڭ «مۇختەسەر ۋىقايە»، ئەلى ئىبنى ئەبى بەكرى مەرغىنانىينىڭ «ھىدايە» قاتارلىق كىتابلارنى دەرسلىك قىلىپ ئۆگەتكەنلىكىدىن كۆرۈۋالالايمىز. لېكىن، ئۇ مەزھەپ مەسىلىسىدە ھەددىدىن زىيادە مۇتەئەسسىپلىك قىلىپ تۇرۇۋالمايتتى. بىر قىسىم مەسىلىلەردە شەخس ۋە جەمئىيەتنىڭ ئەھۋالىنى چىقىش قىلىپ تۇرۇپ، خۇددى ئىمام ئەبۇ ھەنىفە رەھىمەھۇللاھنىڭ ئىككى شاگىرتىغا ئوخشاش، دەلىلنىڭ تەقەززاسى بويىچە باشقا مەزھەپلەرگە چىققان ياكى ئەھلى ھەدىسلەرنىڭ يولىنى تۇتقان ئەھۋاللىرىمۇ بولغان.

## مۇھەممەد قۇربان داموللاھاجىمنىڭ كىشىلەرنى ئاللاھنىڭ دىنىغا دەۋەت قىلىش يوللىرى

مۇھەممەد قۇربان داموللاھاجىم كىشىلەرنىڭ ھىدايەت تېپىشىغا ئىنتايىن ھېرىسمەن ئىدى، نادانلىقىغا بەكمۇ ئېچىناتتى، ئىككى دۇنيالىق بەخت - سائادىتىنى تېپىشى ئۈچۈن توختىماي تىرىشاتتى، بىرەر كىشى گۇمراھلىقىدىن قايتىپ توغرا يول تاپسا، ئالەمچە خۇشال بولۇپ كېتەتتى. جەمئىيەتنى ئەتراپلىق

كۆزىتەتتى. ئىش ئورۇنلىرىدا، توي - تۆكۈنلەردە، كوچا - كويلاردا يۈز بەرگەن، شەرىئەتكە ئۇيغۇن بولمىغان ئىشلارغا دىققەت قىلىپ، ۋاقتىدا ۋەز - نەسىھەت قىلاتتى. مەخسۇس بازار ئايلىنىپ، تىجارەتچىلەر ئارىسىدا شەرىئەتكە مۇخالىپ ئىشلارنى بايقاپ قالسا، جۇمە خۇتبىسىدە شۇ ھەقتە توختىلىپ، كىشىلەرگە يوليورۇق بېرەتتى. ئادەم يىغىلغان ھەرقانداق جايىنى دەۋەت سورۇنىغا ئايلاندۇراتتى. ۋەز - نەسىھەتنى مەزمۇنلۇق، ئىخچام ھەم چۈشىنىشلىك قىلاتتى، كۆپىنچە 15 مىنۇتتىن ئاشۇرۇۋەتمەيتتى. داموللاھاجىم كىشىلەرنى ئاللاھنىڭ دىنىغا دەۋەت قىلىشتا تەلىم - تەربىيە، مەسچىت، قەبرىستانلىق، مېيىتقا مۇناسىۋەتلىك يىغىلىشلار، ئەقىقە، توي - تۆكۈن، تۇغقانلار يىغىلىشى قاتارلىق ئورۇن ۋە پۇرسەتلەردىن ئۈنۈملۈك پايدىلانغان ئىدى.

## مۇھەممەد قۇربان داموللاھاجىم پەتىۋا ۋە دەۋا - دەستۇرلاردا

مۇھەممەد قۇربان داموللاھاجىمنىڭ قىممەتلىك ۋەز - نەسىھەتلىرىنى تىڭشاش ئۈچۈن، خوتەن ۋىلايىتىنىڭ ھەرقايسى شەھەر، ناھىيە ۋە يېزا - قىشلاقلىرىدىنمۇ نۇرغۇنلىغان جامائەتلەر نۇرلۇق مەسچىتكە كېلىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، نۇرلۇق مەسچىت شەھەر مەركىزىگە جايلاشقان بولغاچقا، سودا - سېتىق ئۈچۈن كەلگەن كىشىلەرمۇ جۇمە نامىزى ۋە باشقا نامازلار ئۈچۈن كىرىپ، مەسچىتتىكى ۋەز - نەسىھەت ۋە دەرسلەرنى تىڭشاپ مەنپەئەتلىنەتتى، ھەممە ئۇنىڭ بىلىمىگە قايىل بولاتتى ۋە ئۇنىڭدىن تۈرلۈك مەسىلىلەرنى سورايتتى، ھەل قىلالمىغان دەۋا - دەستۇرلىرىنى ئايرىپ بېرىشكە تەكلىپ قىلاتتى. مۇھەممەد قۇربان داموللاھاجىم پىشقان ئىلمى ۋە ئەتراپلىق تەجرىبىلىرىگە ئاساسەن، ئۇلارنىڭ سوئاللىرىغا ئەستايىدىللىق بىلەن جاۋاب بېرەتتى، دەۋالىرىنى ئادىل بىر تەرەپ قىلىپ قوياتتى. دېمەك، مۇھەممەد قۇربان داموللاھاجىم خوتەن مۇسۇلمانلىرىنىڭ پەتىۋا ۋە دەۋا - دەستۇر مەسىلىلىرىدە مۇراجىئەت قىلىنىدىغان بىلىملىك، ئىشەنچلىك ئۆلىمالىرىدىن ئىدى.

## مۇھەممەد قۇربان داموللاھاجىمنىڭ «دىۋانى لۇغاتىت تۈرك» نىڭ تەرجىمىسىگە قاتنىشىشى

1980 - يىللىرى ئاپتونوم رايونلۇق ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ 11 - ئەسىردە ئۆتكەن تىلشۇناس ھەم دىنىي ئالىمى مەھمۇد قەشقەرىينىڭ «دىۋانى لۇغاتىت تۈرك» ناملىق يېگانە ئەسىرىنى تەرجىمە قىلىش گۇرۇپپىسىنى قۇرۇپ چىقىش ئۈچۈن، شەرقىي تۈركىستاننىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن بۇ ئۇلۇغ ھەم مۇشكۇل خىزمەتنىڭ ھۆددىسىدىن

چىقالايدىغان ئىستېدات ئىگىلىرىنى ئىزدەشكە باشلايدۇ. ئاخىر ئىبراھىم مۇتىئىي، مىرسۇلتان ئوسمانوف، ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر، سالام ئابباس قاتارلىق ئۇيغۇر ئالىم ۋە زىيالىيلىرى بىلەن بىرگە خوتەندىن ئابدۇللاھ روزى داموللاھاجىم ۋە مۇھەممەد قۇربان داموللاھاجىممۇ بۇ مۇبارەك خىزمەتكە تەكلىپ قىلىنىدۇ. شۇنىڭ بىلەن مۇھەممەد قۇربان داموللاھاجىم ئۈرۈمچىگە كېلىپ، مەزكۇر ئەسەرنى تەرجىمە قىلىش خىزمىتىگە ئالتە ئاي قاتنىشىپ، بۇ ئەسەرنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك پۈتۈپ چىقىشىغا ھەسسە قوشىدۇ.

مۇھەممەد قۇربان دامولاھاجىمنىڭ يەنە بۈيۈك ئالىم يۈسۈپ خاس ھاجىبنىڭ «قۇتادغۇ بىلىك» ناملىق گېگانت ئەسىرىنى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىش خىزمىتىگىمۇ قاتنىشىپ، مۇئەييەن ھەسسە قوشقانلىقىمۇ رىۋايەت قىلىنىدۇ.

## مۇھەممەد قۇربان دامولاھاجىم مىنادا

مۇھەممەد قۇربان دامولاھاجىم 1983 - يىلى ھەج پەرزىنى ئادا قىلىش ئۈچۈن قەشقەر — قونجىراپ يولى ئارقىلىق سەئۇدىي ئەرەبىستانغا قاراپ يولغا چىققان. پاكىستانغا كېلىپ، ئۇ يەردە ئۆزىگە ئوخشاش ھەج ۋىزىسىنىڭ تەستىقلىنىشىنى كۈتۈپ تۇرۇۋاتقان نۇرغۇن ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرىغا ھەر كۈنى ھەج قائىدىسى ۋە ئەھكاملىرى ھەققىدە دەرس سۆزلەپ بەرگەن. ئۇزاق ئۆتمەي، ئۇلارنىڭ ھەج ۋىزىسى تەستىقلىنىپ، سەئۇدىي ئەرەبىستانغا بارغان.

مۇھەممەد قۇربان دامولاھاجىم ئەرەپات كۈنى مىنادا ۋەتەندىن كەلگەن ئۇيغۇر ھاجىلارغا ئىنتايىن تەسىرلىك ھەم مول مەزمۇنلۇق نۇتۇق سۆزلىگەن. سەئۇدىي ئەرەبىستاندىكى مۇھاجىر ئۆلىمالار دامولاھاجىمنى ئارقا - ئارقىدىن ئۆي - ئۆيلەرگە چاقىرىشىپ، ئىنتايىن ياخشى كۈتۈۋالغان.

مۇھەممەد قۇربان دامولاھاجىم ھەج پائالىيىتىنى تۈگىتىپ، مەدىنە مۇنەۋۋەرەنى زىيارەت قىلىپ بولغاندىن كېيىن، بىر قىسىم ئىلغار كىتابلارنى ئېلىپ، ۋەتەنگە قايتىپ كەلگەن ھەمدە ئادىتى بويىچە تالىپلارغا دەرس ئۆگىتىش، مەسچىتتە ۋەز - نەسىھەت ئېيتىش قاتارلىق مۇھىم خىزمەتلىرىنى داۋاملاشتۇرغان.

## مۇھەممەد قۇربان دامولاھاجىمنىڭ ئۇستازلىرى

خوتەن ئالتۇنلۇق مەدرىسەسىدىكى ئۇستاز تۇردى مۇھەممەد داموللام، قەشقەر خانلىق مەدرىسەسىدىكى ئىمىن مەۋلىۋى داموللام، سۇلايمان ئاخۇن داموللام، ئاتۇشتىكى سالىھ داموللام قاتارلىقلار مۇھەممەد قۇربان دامولاھاجىمنىڭ بىزگە مەلۇم بولغان ئۇستازلىرىدىن بولۇپ، ئۇلاردىن باشقا ئۇستازلىرىمۇ بولۇشى

مۇمكىن.

**مۇھەممەد قۇربان داموللاھاجىمنىڭ تالىپلىرى**

شەرقىي تۈركىستاندا ئۆتكەن كۆپىنچە ئۆلىمالارغا نىسبەتەن بولمىغاندەك، مۇھەممەد قۇربان داموللاھاجىمغىمۇ بىرەر كىتاب يېزىپ قالدۇرۇش نىسىپ بولمىغان. شۇنداقتىمۇ ئۇ 1990 - يىللارغا قەدەر دەرس ئۆگىتىشكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىپ، نۇرغۇن تالىپ يېتىشتۈرۈپ، ئۆلىمالار قاتارىغا قوشقان ياكى ئۇلارنىڭ ئۆلىما بولۇشى ئۈچۈن ئىلمىي قابىلىيەت ھازىرلىغان. مۇھەممەد قۇربان داموللاھاجىمنىڭ 300 نەپەردىن ئارتۇق مۇقىم تالىپى بار ئىدى. ئاز بولسىمۇ، ئىلىم تەھسىل قىلىپ كەتكەن كونا - يېڭى تالىپلىرىنى ھېسابلىغاندا، جەمئىي 1000دىن ئارتۇق كىشى داموللاھاجىمدىن ئىلىم ئالغان دېيىشكە بولىدۇ. 1990 - يىللاردىن كېيىن شەرقىي تۈركىستاندا يۈز بەرگەن بىر قاتار جىددىي سىياسىي ئۆزگىرىشلەر تۈپەيلى، بولۇپمۇ بارىن ئىنقىلابىدىن كېيىن، ھەرقايسى مەدرىسەلەر تاقىلىپ، تالىپلار تارقىتىۋېتىلگەن. جۈملىدىن مۇھەممەد قۇربان داموللاھاجىمنىڭ تالىپلىرىمۇ ئاستا - ئاستا تارقىلىپ كەتكەن ھەمدە مەسچىتتە دەرس سۆزلەش ۋە جامائەتلەرگە ئەركىن ۋەز - نەسىھەت قىلىش ئىشلىرىمۇ مۇئەييەن دەرىجىدە چەكلىمىگە ئۇچرىغان.

مۇھەممەد قۇربان داموللاھاجىم دەرس ئۆگىتىشكە تولىمۇ ھېرىسمەن بولۇپ، سىياسىي ۋەزىيەت شۇنچىۋالا مۇرەككەپلىشىپ، تالىپلارغا ئەركىن - ئازادە دەرس ئۆگىتىش مۇمكىن بولمايدىغان كۈنلەردىمۇ، ئۆزىنىڭ ۋە قوشنىلىرىنىڭ ئۆيلىرىدە مەخپىي ھالدا دەرس ئۆتكەن.

مۇھەممەد قۇربان داموللاھاجىمنىڭ تونۇلغان ۋە دىن ئۈچۈن ئالاھىدە تۆھپە قوشقان تالىپلىرىدىن بىزگە مەلۇم بولغانلىرى تۆۋەندىكىچە:

مۇھەممەد قۇربان داموللاھاجىمنىڭ ئوغلى ئابدۇلھەكىم داموللام، ئەنەس ئالىم (مۇھەممەد قۇربان داموللاھاجىمنىڭ دەرس ياردەمچىسى)، ئابدۇلئەزىز خەلپەت ھاجىم، مۇھەممەد ئەلى خەلپىتىم قارىقاش، روزىمۇھەممەت قارىم، غوجى ئابدۇللاھ ئاخۇن قارىم (ھالالباغ)، مۇھەممەد تۇرسۇن ئاخۇنۇم (سۈپىسى)، ئىدرىسخان (قاغىلىق)، ئابدۇللاھ قارىھاجىم (لاسكۈي)، ئابدۇقەييۇم قارىم (لاسكۈي)، ئابدۇقەييۇم ھاجىم، ئابدۇخالىق ھاجىم، تۇرسۇنباقى قارىم، ئابدۇجېلىل قارىم، ھارۇنخان (يورۇڭقاش)، ئۆمەر داموللام (مەكىت)، ئابدۇقادىر ھاجىم (قارىقاش)، روزىمۇھەممەد ئاخۇن قارىم، ئابدۇخەبەر قارىم (سوچاڭ)، ئابدۇخەبەر ئاخۇن قارىم، جۈمەنىياز ئاخۇن قارىم، ئەكرەم ئاخۇن، مۇھەممەد ھاشىم ئاخۇن، جۈمەنىياز ئاخۇن، ئابدۇخالىق

چاركەش، ئابدۇجېلىل هاجىم، ئابدۇقادىر ئاخۇن، غوجى ئابدۇللاھ ئاخۇن، ئېلى ئاخۇن، ئابلەت ئاخۇن لاڭرۇ، ئەخمەت ئاخۇن، ئابدۇسۈپۈر قارىم، غوجى ئابلاخۇن لاڭرۇ، نۇرمەمەت قارىهاجىم، ئېلى ئاخۇن (خاپان)، مۇھەممەد تۇرسۇن داموللاھاجىم، ئابجىللاھاجىم، ھېبىبۇللاھ هاجىم ئايدىڭكۆل، ئابدۇللاھ هاجىم ئاچچۈي، تۇردىمۇھەممەت قارىم، ئوبۇلھەسەن داموللام، ئابدۇخېلىل داموللام، مۇھەممەد ئابدۇللاھ هاجىم، تۇردىمۇھەممەد خەلپىتىم، ئەھمەد داموللام، مەتتوختى داموللام، نۇرمۇھەممەد قارىهاجىم، هامىد مەخسۇم، ئابدۇللاھ قارىهاجىم (گوجان)، ئەخمەتتوختى قارىهاجىم، ئابدۇخېلىل قارىم، ئابدۇلھەپىز هاجىم قارىقاش، مۇھەممەد ئابدۇللاھ قارىم گۇما، ئىمامنىياز هاجىم، قەمبەر قارىم، غۇلام قارىم، غۇلام قادىر قارىم، ئابدۇررەئۇف هاجىم، ئىسلامنىياز ئاخۇن، مۇھەممەتتۇرسۇن قارىم، ئابدىمجىد قارىم، ئەخمەتتوختى ئاخۇن، ئابدۇرىشىت هاجىم، ئابدۇخەبىر ئاخۇن قارىم، ئابلەت ئاخۇن قارىم، مۇھەممەدنىياز ئاخۇنۇم، ئابدۇلھەمىد ئاخۇنۇم، مۇھەممەد تۇردى ئاخۇنۇم، ئىمىن داموللام، سەدۇن ئاخۇن قارىم قاتارلىقلار...

## مۇھەممەد قۇربان داموللاھاجىم ئۇچرىغان ئەزىيەتلەر

ھەقىقەت بىلەن باتىل ئارىسىدىكى كۈرەش ئەلمىساقتىن بېرى داۋاملىشىپ كەلگەن بولۇپ، بۇنىڭدىن كېيىنمۇ يەنە قىيامەتكە قەدەر داۋاملىشىشى مۇقەررەر. پۈتۈن پەيغەمبەرلەر، جۈملىدىن، پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامۇ كاپىرلارنىڭ نۇرغۇنلىغان ئەزىيەت ۋە قىيىن - قىستاقلىرىغا ئۇچرىغان. ئەنە شۇ پەيغەمبەرلەرنىڭ ۋارىسلىرى بولمىش ھەقىقەتپەرۋەر ئۆلىمالارمۇ ھەر زامان شۇنداق قىيىنچىلىقلارغا ئۇچراپ تۇردۇ. ھەق ئۈچۈن ياشىغان ۋە ھەق يولىدا ئۆلۈشنى غايىسى قىلغان جاسارەتلىك ئالىم مۇھەممەد قۇربان داموللاھاجىممۇ ئەنە شۇنداق قىيىنچىلىققا باش ئەگمىگەن، قەيسەر، ھەقىقەتپەرۋەر ئۆلىمالىرىمىزدىن بىرى ئىدى.

مۇھەممەد قۇربان داموللاھاجىم 26 ياشقا كىرگەن كۈنلەرنىڭ بىرىدە نامەلۇم بىر ئۇيغۇر يازغۇچىنىڭ ۋەتەن مۇستەقىللىقى ھەققىدە يازغان بىر كىتابىنى ئوقۇپ، ئىنتايىن ياقتۇرۇپ قالىدۇ. ئەينى چاغلاردا شەرقىي تۈركىستاندا ھازىرقىدەك خەت بېسىش ياكى كۆپەيتىش ماشىنىسى بولمىغاچقا، بۇ كىتابنى ئۆز قولى بىلەن كۆچۈرۈپ ئىنتايىن پۇختا بىر شەكىلدە تامنىڭ ئارىسىغا يوشۇرۇپ قويىدۇ. ئۇزاق ئۆتمەي مەزكۇر كىتابنى ئوقۇغان ياكى كۆچۈرۈپ ساقلىغان ئىشلار پاش بولۇپ قېلىپ، ئۆلىمالار ۋە تالىپلاردىن بولۇپ، 50 نەپەردىن كۆپ كىشى قولغا ئېلىنىدۇ ۋە

ھەممىسى ئايرىم - ئايرىم ھالدا، بەش يىلدىن يىگىرمە يىلغا قەدەر قاماق جازاسى بېرىلىپ، تۈرمىگە تاشلىنىدۇ. مۇھەممەد قۇربان داموللاھاجىممۇ شۇ قاتاردا بەش يىللىق قولغا ئېلىنىدۇ.

مۇھەممەد قۇربان داموللاھاجىم تۈرمىگە كىرگەندىن كېيىن، بىرقانچە ئايغىچە ئىنتايىن ئېغىر، جاپالىق ئىشقا سېلىنىدۇ. تۈرمىنىڭ كەڭ كۆلەملىك تېرىلغۇ يەرلىرى بار بولۇپ، مۇھەممەد قۇربان داموللاھاجىم بىلەن بىرگە ئابدۇللاھ روزى داموللاھاجىم، ئابدۇلئەھەد مەخسۇم ھاجىم قاتارلىق ئۆلىمالارمۇ بار ئىدى. ئۇلار كالا - قويلارنىڭ قىغلىرى قاچىلانغان ئېغىر خالتىلارنى يۈدۈپ ئېتىزلىققا توشۇيتتى. تۈرمىنىڭ يەنە خىش خۇمدىنى بولۇپ، تۈرمە بىلەن ئارىلىقى تەخمىنەن سەككىز كىلومېتىر كېلەتتى. مۇھەممەد قۇربان داموللاھاجىم باشقا تۈرمىداشلىرى بىلەن بىرگە ھەر كۈنى ئەتىگەندە خۇمدانغا يالاپ ئېلىپ بېرىلاتتى. خۇمدان ئىچى چىداپ تۇرغۇسىز دەرىجىدە قىزىق بولسىمۇ، ئىشلىمەي ئامال يوق ئىدى. ھەر كۈنى تاڭ سەھەردىن باشلاپ كەچكىچە خۇمداندا ناھايىتى جاپالىق ئىشلەپ، كەچتە يەنە كامېرغا پىيادە قايتىپ كەلگەچكە، پۇتلىرى بەزىدە قاپىرىپ، بەزىدە تېشىلىپ، قاناپ، يىرىڭ - زەرداپلار ئېقىپ كېتەتتى.

تۈرمىدە ئىنساننىڭ ھېچبىر قىممىتى بولمايتتى، تۈرمىدىكىلەر ئېغىزدىن چىققۇسىز تىل - ھاقارەتلەرگە ئۇچرايتتى، كەلسە - كەلمەس تاياق يەيتتى، ئېغىر ئەمگەكلەرگە سېلىناتتى. مۇھەممەد قۇربان داموللاھاجىم شۇنداقتىمۇ ئاللاھنىڭ رەھمىتىدىن ئۈمىدسىزلەنمىدى، تىلى زىكىردىن توختاپ قالمىدى. ئۇزۇن ئۆتمەي، كېرىيە تۈرمىسىگە يۆتكىۋېتىلدى. بۇ تۈرمىدە جىنايەتچىلەر قۇرۇلۇش ئىشلىرىغا سېلىناتتى. مۇھەممەد قۇربان داموللاھاجىم زېرەكلىكى ۋە ئەقىل - پاراسىتى بىلەن بۇ يەردە، قىسقا ۋاقىت ئىچىدىلا قۇرۇلۇش تېخنىكىلىرىنى ئۆگىنىۋېلىپ، تامچىلىق قىلدى، خەرىتە سىزىشنى ئۆگەندى. شۇنىڭ بىلەن بارا - بارا تۈرمىدىكى ئىناۋىتى كۆتۈرۈلدى. شۇنداق قىلىپ، داموللاھاجىم 1963 - يىلى بەش يىللىق تۈرمە ھاياتىنى تاماملىغاندىن كېيىن، قويۇپ بېرىلدى.

مۇھەممەد قۇربان داموللاھاجىم نۇرلۇق مەسچىتتە خاتىپلىق ۋەزىپىسىنى ئۆتىگەن مەزگىللەردە باشقا ئىمام - خاتىپلارغا ئوخشاشلا، خىتاي ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن ئورۇنلاشتۇرۇلغان ھەپتىدە بىر قېتىملىق سىياسىي كېڭەش يىغىنلىرىغا قاتنىششقا مەجبۇر بولاتتى. لېكىن، ئۇ ئامالىنىڭ بارىچە مەزكۇر يىغىنلارغا قاتنىششتىن ئۆزىنى قاچۇراتتى،

ھەرخىل باھانىلەرنى ئىزدەيتتى، بارغان تەقدىردىمۇ، كىچىككىنە باراتتى ياكى ئۇخلىۋالاتتى، بەزىدە ئەدەپسىز باشلىقلار تەرىپىدىن ئىزا - ئاھانەتلەرگە ئۇچرايتتى.

مۇھەممەد قۇربان داموللاھاجىم ئۇنىڭدىن باشقا يەنە خوتەن شەھەر ۋە يېزىلىرىدىكى بىر قىسىم مۇتەئەسسىپ ئەھلى ئىلىملەر ۋە سوپىلارنىڭ، شۇنداقلا خىتاينىڭ ھىيلە - مىكرىنى چۈشەنمەي، قاپقانغا چۈشكەن، ئىسلام دىنىنىڭ سىياسىي قىسمىدىن خەۋىرى يوق، خۇراپاتلارغا چوكۈپ كەتكەن بىر قىسىم مولىلار تەرىپىدىنمۇ پات - پات ئازارلىنىپ تۇراتتى. ئۇلار كىشىلەرنى داموللامنىڭ يېنىدىن تەزدۇرۇش ئۈچۈن بەزى تۆھمەتلەرنى قىلاتتى.

مۇھەممەد قۇربان داموللاھاجىمنىڭ بەزى تالىپلىرىنىڭ دېيىشىچە، بىر كۈنى نۇرلۇق مەسچىتتە ئىككى ئادەم كىرگەن. ئۇلار مۇھەممەد قۇربان داموللاھاجىمنىڭ چىرايلىق نەسىھەتلىرى ۋە دەرسلىرىنى تىڭشىغاندىن كېيىن، داموللاھاجىم بىلەن كۆرۈشۈپ مۇنداق دېگەن: بىز پالانى ئۇستازنىڭ تالىپلىرى بولىمىز. ئۇستازىمىزدىن يامان گېپىڭىزنى كۆپ ئاڭلىغان ئىدۇق. ئاڭلىشىمىزچە، سىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ھۆرمەتلىمەيدىكەنسىز، تىللايدىكەنسىز، شاپائەت قىلالمايدۇ دەيدىكەنسىز. شۇڭا، بىز سىزنى ئەدەپلەپ قويۇش ئۈچۈن يېنىمىزغا تاش ئېلىپ كەلگەن ئىدۇق. لېكىن، بىز سۆزلىرىڭىزنى ئاڭلاپ، ئۇنداق ئادەم ئەمەسلىكىڭىزنى بىلدۇق، شۇڭا بىزنى كەچۈرۈۋەتكەن بولسىڭىز، دەپ مۇھەممەد قۇربان داموللاھاجىمدىن ئەپۇ سوراشقان. مۇھەممەد قۇربان داموللاھاجىممۇ ئۇلارنى كەچۈرۈۋەتكەنلىكىنى ئېيتىپ: «مەن سىلەر بىلەن تونۇشقانلىقىمدىن ھەمدە سىلەرنىڭ ھەقىقەتنى چۈشەنگەنلىكىڭلاردىن بەكمۇ خۇشالمەن» دېگەن.

ئاڭلاشلارغا قارىغاندا، بەزى مەسچىتنىڭ ئىماملىرى مۇھەممەد قۇربان داموللاھاجىمغا ئەقلىگە سىغمايدىغان بوھتانلارنى توقۇيدىكەنتۇق، ھەتتا باشقىلارنى قۇترىتىپ: «ئەگەر مۇھەممەد قۇرباننىڭ ئەگەشكۈچىلىرىدىن بىرنى ئۆلتۈرسەڭلار، ئون كاپىر ئۆلتۈرگەننىڭ ساۋابى بولىدۇ، چۈنكى بۇلارنىڭ زىيىنى كاپىرنىڭ زىيىنىدىنمۇ ئېغىر» دەيدىكەنتۇق.

بەزىلەرنىڭ ئۇنىڭغا بولغان ئۆچمەنلىكى شۇ دەرىجىدە قاتتىق ئىدىكى، ھەتتا بىر قېتىم مۇنداق دېگەن ئىكەن: «ناۋادا نۇرلۇق مەسچىت بار كوچىدىن خىزىر چىقىپ، ئالدىمغا كېلىپ سالام قىلسىمۇ، سالامىنى ئىلىك ئالمايمەن».

لېكىن، بۇنداق ئۆسەك سۆزلەر ۋە ئۆچمەنلىكلەر بىر قىسىم كىشىلەرنى ئويغا سالماي قالمايتتى. بۇنداق ئۆسەك سۆزلەرنى ئاڭلىغان

بەزى كىشىلەر نۇرلۇق مەسچىتىنگە كېلىپ، جۈمە نامازلىرىدا ياكى باشقا نامازلاردا داموللاھاجىمنىڭ تەبلىغ ۋە نەسىھەتلىرىنى بىۋاسىتە ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئەقىدىسىنىڭ ساغلام، قۇرئان - ھەدىسكە ئىنتايىن ھۆرمىتى بار، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغىمۇ چەكسىز مۇھەببىتى بار، پەزىلەتلىك بىر ئالىم ئىكەنلىكىنى بىلىپ، ئۇنىڭ ئىخلاسمەن كىشىلىرىدىن بولۇپ قالاتتى.

## مۇھەممەد قۇربان داموللاھاجىم قانداق قىلىپ ئېقىم يارىتالىغان؟

مۇھەممەد قۇربان داموللاھاجىم ئىسلاھات ۋە تەرەققىيپەرۋەرلىك روھىغا ئىگە، ئۇقۇمۇشلۇق، ئاق - ساپالىق ئالىم ئىدى. ئۇ ھەرگىز «سۇنىڭ ئېقىشىغا، توكنىڭ يېتىشىغا» قاراپ ئىش كۆرمەتتى. ئوتتۇز يىللىق كوممۇنىست ئاسارىتى سەۋەبلىك جاھالەت پاتقىقىدا ئېغىراپ ياتقان، بىدئەت ۋە خۇراپات، ھەتتا بىر قىسىم شېرىك، كۇپرى ئەمەللەرنىڭ ئىسكەنجىسىدە ھىدايەت نۇرى بىلەن ئۇچرىشالمىغان، قۇرئان - ھەدىسنىڭ نۇرلۇق يۈزىنى كۆرەلمەي، توغرا يولىنى يوقىتىپ قويغان نۇرغۇن خەلقنى ئويغىتىش ۋە ئىسلاھ قىلىش ئۇنىڭ بىردىنبىر نىشانى ئىدى. شۇڭا، ئۇ، بۇ ھەقتە كىچە - كۈندۈز باش قاتۇراتتى، ئۆلىما دوست - يارەنلىرى بىلەن مۇڭدىشاتتى، سىردىشاتتى، تۈرلۈك پىلانلارنى تۈزۈشەتتى. مۇھەممەد قۇربان دامولللاھاجىمنىڭ ئىسلاھات ھەركىتىنى نەتىجىگە ئېرىشتۈرگەن ئاساسىي ئامىللارنى تۆۋەندىكىلەرگە يىغىنچاقلاشقا بولىدۇ:

1. مۇستەھكەم ھەم قايىل قىلارلىق ئۇل - ئاساسقا ئىگە ئەقىدىگە، يەنى ئەھلى سۈننەت ۋەلجامائە ئەقىدىسىگە چىڭ ئېسىلىش ۋە شۇ بويىچە دەرس ئۆگىتىش، تالىپ تەربىيەلەش، دەۋەت قىلىش ؛
2. ئەقىدە ۋە غايە ئورتاقلىقىغا ئىگە بىر تۈركۈم ئۆلىمالار بىلەن زەنجىرسىمان ھەمكارلىق ئورنىتىش، ئوخشاش ئەقىدە ۋە ئىسلاھات روھىغا ئىگە تالىپلارنى تەربىيەلەش ۋە ئۆزئارا تالىپ ئالماشتۇرۇش، بىر - بىرىنىڭ ئارتۇقچىلىقلىرىنى ئېتىراپ قىلىپ، كەمچىلىكلىرىنى تولۇقلاش؛
3. ھەق يولىدا مال - دۇنياسىنى، ئائىلىسىنى، ھاياتىنى تەقدىم قىلىش، تۈرمىلەرگە تاشلانسىمۇ نىشانىدىن ۋاز كەچمەسلىك؛
4. دىن بىلەن بىرگە دۇنيالىق ئىشلارغا ۋە دىنىي ئىلىملەر بىلەن بىرگە پەننىي ئىلىملەرگىمۇ ئەھمىيەت بېرىش؛
5. تەرەققىيپەرۋەرلىك روھىغا ئىگە بولۇش، يەنى خەلقنى تەركىدۇنيالىقتا چاقىرماستىن، باي بولۇشقا ۋە پايدىلىق يېڭى تەرەققىياتلارغا ئۈندەش؛
6. كىشىلەرنى بەدەن تازىلىقى،

كىيىم - كېچەك تازىلىقى، ئۆي ۋە هويلا - ئارام تازىلىقى، يول ۋە ئاممىۋى سورۇن تازىلىقى قاتارلىقلارغا رىغبەتلەندۈرۈش ھەمدە ئۆزى باشلامچىلىق قىلىش؛

7. ياشلار ئىسلاھاتىغا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلۈش؛

8. جامائەتلەرنىڭ، بولۇپمۇ تالىپلارنىڭ ۋە مۆدەررىسلەرنىڭ تۇرمۇشىغا يېقىندىن كۆڭۈل بۆلۈش، ئىقتىسادىي قىيىنچىلىقلىرىنى ھەل قىلىش، بويتاقلارنى ئۆيلەپ قويۇش، كىشىلەرنىڭ دەردىنى ئۆزىنىڭ دەردى دەپ بىلىش؛

9. زىيالىيلار ۋە ئوقۇتقۇچىلار بىلەن قويۇق مۇناسىۋەت ئورنىتىش ۋە ئۇلارنى بۇ يولنىڭ كارۋانلىرىغا ئايلاندۇرۇش؛

10. ئاشقۇن سوپىزملىق ۋە بىدئەت - خۇراپاتلاردىن ئۇزاق تۇرۇش، كىشىلەرنى ئىبادەت، ئەقىدە ۋە پىكىردە ئىسلامنىڭ دەسلەپكى دەۋرىگە قايتىشقا چاقىرىش.

## مۇھەممەد قۇربان داموللاھاجىمنىڭ ئائىلە ئەزالىرى

مۇھەممەد قۇربان داموللاھاجىم نىساخان ئىسىملىك، پاك، ئىپسىل نەسەبلىك بىر ئائىلىنىڭ قىزىغا ئۆيلەنگەن ئىدى. نىساخان ئانىمىز ئىنتايىن ئەخلاقلىق، مۇلايىم، ۋاپادار ئايال بولۇپ، مۇھەممەد قۇربان داموللاھاجىمنىڭ خىزمىتىنى خۇشاللىق بىلەن قىلاتتى، ۋايىسمايىتتى، ئەمرىدىن چىقمايتتى، بىر ئۆلىمانىڭ خىزمىتىدە بولغانلىقىدىن خۇشاللىق ھېس قىلاتتى.

نىساخان ئانىمىز مۇھەممەد قۇربان داموللاھاجىمغا بەش ئوغۇل، ئىككى قىز پەرزەنت تۇغۇپ بەرگەن بولۇپ، ئۇلار: ئابدۇلھەكىم، ئابدۇلھەمىد، ئابدۇلئەھەد، ئابدۇسەمەد، ئابدۇسالام، ھەبىبە ۋە مەھبۇبە قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

## مۇھەممەد قۇربان داموللاھاجىمنىڭ ئائىلىسىگە يەتكەن ئەزىيەتلەر

### 1. ئابدۇلھەكىم داموللامغا يەتكەن ئەزىيەتلەر

مۇھەممەد قۇربان داموللاھاجىمنىڭ جەمئىي يەتتە بالىسى بار بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدىن كۆزگە كۆرۈنگەن ۋە ياخشى ئوقۇپ ئالىم بولغىنى ئابدۇلھەكىم داموللام ئىدى. ئۇ دادىسى مۇھەممەد قۇربان داموللاھاجىم، ئابدۇلئەھەدخان مەخسۇم ھاجىم، مۇھەممەد زاكىر خەلپىتىم، ئابدۇللاھ روزى داموللاھاجىم قاتارلىق مۆدەررىسلەردە ئىلىم تەھسىل قىلىپ يېتىشكەن. ئابدۇلھەكىم داموللام تىلى راۋان، ناتىق، ماھىر دەۋەتچى ئىدى. ئۇ دادىسى مۇھەممەد قۇربان داموللاھاجىم ۋاپات بولغاندىن كېيىن، نۇرلۇق مەسچىتتە ئۇنىڭ ئورنىغا خاتىپ بولۇپ، بۇ خىزمەتنى ئۈچ يىل داۋاملاشتۇرغان. قىسقىغىنا

ۋاقىت ئىچىدە ئۇنىڭ تەسىرلىك نۇتۇقلىرىدىن ۋە پاساھەتلىك نەسىھەتلىرىدىن نۇرغۇنلىغان كىشىلەر مەنپەئەتلەنگەن. مەسچىت يەنە مۇھەممەد قۇربان داموللاھاجىم ھايات ۋاقتىدىكىدەك جامائەتلەر بىلەن ئاۋات بولغان. ئابدۇلھەكىم داموللام جامائەتلەرگە ئىمان بىلەن كۇپرىنى، سۈننەت بىلەن بىدئەتنى، دوست بىلەن دۈشمەننى، ھەق بىلەن ناھەقنى بىلدۈرگەن.

ئادەتتە جۈمە كۈنلىرى مەسچىتنىڭ ئىچىدىن سىرت، ھويلىسى ھەتتا يوللارمۇ جامائەت بىلەن، بولۇپمۇ ياشلار بىلەن لىق تولۇپ كېتىدىغان بولۇپ، بۇنداق ھەيۋەتلىك كۆرۈنۈشتىن خىتاي ھۆكۈمىتى قاتتىق بىئارام بولۇشقا باشلىغان. لېكىن ئابدۇلھەكىم داموللام ھەقنى سۆزلەشتىن يالتىيىپ قالمىغان. بېشىغا قانداق ئېغىر كۈن كېلىشىدىن قەتئىينەزەر ھەقنى سۆزلەيدىغانلىقىنى، ھەق ئۈچۈن ياشاپ، ھەق يولىدا ئۆلۈشكە تەييار ئىكەنلىكىنى، كىشىلەرگە ئاللاھنىڭ دىنىنى نازىل بولغان پېتى بىلدۈرۈشى كېرەكلىكىنى ئېيتىپ يولىنى داۋاملاشتۇرغان. دەرۋەقە، 1999 - يىلىغا كەلگەندە 15 يىللىق قاماققا ھۆكۈم قىلىنىپ، 2014 - يىلى قويۇپ بېرىلگەن. شۇنىڭدىن كېيىنمۇ يەنە ئۇنىڭ ئۆيى دائىم نازارەت ئاستىغا ئېلىنغان، كۈندىلىك قىلغان - ئەتكەن ئىشلىرىنى سۈرۈشتە قىلىپ تۇرغان ياكى بولمىسا، ساقچىخانىغا چاقىرتىلىپ سوراق قىلىنغان. بىر شەھەردىن يەنە بىر شەھەرگە ھەتتا داۋالىنىش ئۈچۈن بولسىمۇ بېرىشى چەكلەنگەن. 2017 - يىلىغا كەلگەندە ئىككىنچى قېتىم قايتىدىن قولغا ئېلىنغان. 2019 - يىلى ئائىلىسىدىكىلەر ئىنتايىن پەرىشان ھالدا ئۇنىڭ ۋاپات بولغانلىق خەۋىرىنى تاپشۇرۇۋالغان.

### 2. مۇھەممەد قۇربان داموللاھاجىمنىڭ باشقا پەرزەنتلىرى ۋە نەۋرىلىرىگە يەتكەن ئەزىيەتلەر

مۇھەممەد قۇربان داموللاھاجىمنىڭ ئىككىنچى ئوغلى ئابدۇلھەمىد 2001 - يىلى ھەج سەپىرىدىن قايتقاندىن كېيىنلا، سوتقا تارتىلماستىن ئالتە ئاي تۈرمىگە قامالغان ۋە تۈرلۈك قىيىن - قىستاقلارغا ئېلىنغان. ئۇنىڭ «دادىسىنىڭ ئوغلى» بولۇشتىن باشقا بىر جىنايىتى يوق ئىدى. ئۇ تۈرمىدىن چىققاندىن كېيىن، خالىغانچە باشقا شەھەرلەرگە بېرىشى چەكلەنگەن. پات - پات ساقچىخانىغا بېرىپ، قىلغان - ئەتكەن ئىشلىرىنى مەلۇم قىلىشى تەلەپ قىلىنغان. 2018 - يىلىغا كەلگەندە، ئابدۇلھەمىد ھاجىم ئابدۇللاھ، ئابدۇلئەھەد، ئابدۇسەمەد، ئابدۇسالام قاتارلىق تۆت ئوغۇل بىر تۇغقىنى ۋە سىڭلىسى ھەبىبە قاتارلىقلار بىلەن بىرگە لاگېرغا سولانغان.

ئۇلاردىن باشقا يەنە مۇھەممەد

قۇربان داموللاھاجىمنىڭ نەۋرىلىرىدىن شەرىپىدىن، قەمەرىددىن قاتارلىقلارمۇ تۈرمىگە تاشلانغان. شەرىپىدىن ئابدۇلھەكىم داموللامنىڭ ئوغلى بولۇپ، دىنىي ئىلىملەرنى ئۆگىنىش ئۈچۈن مىسىرغا بارغان دېگەن «جىنايەت» بىلەن تۈرمىگە تاشلانغان. شۇ ۋاقىتتا ئۇ ئەمدىلا 17 ياشقا كىرگەن ئىدى. ھازىر ھاياتمۇ ياكى ئۆلۈپ كەتتىمۇ، ئۇ توغرۇلۇق ھېچقانداق مەلۇمات يوق.

مۇھەممەد قۇربان داموللاھاجىمنىڭ قىزى ھەبىبەنىڭ ئوغلى قەمەرىدىنگە كەلسەك، ئۇمۇ ئىلىم تەھسىل قىلىش ئۈچۈن مىسىرغا بارغان، لېكىن بىرقانچە ئايدىن كېيىن قايتىشقا مەجبۇر بولۇپ، قايتقان ھامانلا تۈرمىگە تاشلىنىپ، 10 يىللىق ئۆي كېسىلگەن. شۇ چاغدا ئۇ ئەمدىلا 16 ياشقا كىرگەن ئىدى.

مۇھەممەد قۇربان داموللاھاجىمنىڭ ئائىلىسى ھازىرمۇ مۇسىبەت ۋە خاپىلىقلاردىن قۇتۇلغىنى يوق. 1999 - يىلى ئۇلارنىڭ پۈتۈن مال - مۈلۈكلىرى ھۆكۈمەت تەرىپىدىن مۇسادىرە قىلىنغان. 2017 - يىلىغا كەلگەندە پۈتۈن ئۆيلىرى ھەمدە مۇھەممەد قۇربان داموللاھاجىم نۇرغۇن ئەجىر سىڭدۈرۈپ بىنا قىلغان نۇرلۇق مەسچىتىمۇ يىقىپ تاشلانغان.

## مۇھەممەد قۇربان داموللاھاجىمنىڭ ۋاپاتى

1990 - يىللارغا كەلگەندە مۇھەممەد قۇربان داموللاھاجىمنىڭ سالامەتلىكى تازا ياخشى بولماي قالدى. شۇنداقتىمۇ، قۇرۇلۇش ئىدارىسىدىكى ئىشىنى ۋە ئەتىگەن - ئاخشاملىرى كىتاب كۆرۈشنى بىر كۈنمۇ توختاتمىدى. مۇھەممەد قۇربان داموللاھاجىم يەنە 1994 - يىلى ئايالى بىلەن ھەجگە كېلىپ، ھەجدىن كېيىنلا ئالدىراش قايتىپ كەتتى. سالامەتلىكى كۈندىن - كۈنگە ناچارلىشىپ، 1995 - يىلى 11 - ئاينىڭ ئاخىرلىرىدا خوتەن ۋىلايەتلىك دوختۇرخانىدا داۋالىنىشقا ئېلىپ بېرىلدى، لېكىن 15 كۈن داۋالانغان بولسىمۇ، كېسىلى كۈندىن - كۈنگە ئېغىرلىشىپ كەتتى (زەھەرلىك ئوكۇل سېلىۋېتىلگەن دېگەن گەپلەرمۇ بار). شۇ يىلى 12 - ئاينىڭ 9 - كۈنى ئۈرۈمچىگە ئېلىپ كېلىنىپ، 2 - دوختۇرخانىدا داۋالاندى. ئەمما، كېسىلى بارا - بارا يامانلىشىپ، شۇ يىلى 12 - ئاينىڭ 25 - كۈنى چۈشتىن كېيىن بۇ دۇنيا بىلەن خوشلىشىپ، ئاخىرەت ئالىمىگە سەپەر قىلدى ھەمدە خوتەنگە قايتۇرۇپ كېلىندى. دوست - بۇرادەرلىرى كېرىيە ۋە چىرا ناھىيەسىگە قەدەر ئالدىغا باردى. يىراققا بارالمىسىمۇ، لوپ ۋە يورۇڭقاشقىچە بارغانلارمۇ بەك كۆپ ئىدى. شۇڭا، بىرەر ئىش چىقىپ قېلىشىدىن ئەنسىرىگەن خىتاي ھۆكۈمىتى ھەر كىلومېتىردا بىر قوراللىق ساقچى قويدى. ئۇنىڭ نامىزىنى يېقىن دوستى ئابدۇللاھ

روزى داموللاھاجىم خوتەن چوڭ جامەدە ئوقۇدى. قەمبەر قارىم يېزىپ تەييارلىغان مۇھەممەد قۇربان داموللاھاجىمنىڭ تەرجىمىھالىنى ۋە بىر پارچە مەرسىيەنى ئوغلى ئابدۇلھەكىم داموللام ئوقۇپ، جامائەتكە ئاڭلاتتى. جىنازا نامىزىغا خوتەن ۋە قاراقاشنىڭ ھەرقايسى يەرلىرىدىن، ھەتتا قوشنا ناھىيەلەردىن كەلگەن نۇرغۇنلىغان داڭلىق ئۆلىمالار، مۇدەررىسلەر ۋە تالىپلاردىن باشقا يەنە ئون مىڭلىغان جامائەت قاتناشتى. نامازدىن كېيىن ئۇنىڭ جىنازىسى بىر - ئىككى كىلومېتىرغا سوزۇلغان ھەيۋەتلىك جامائەت بىلەن قولدىن - قولغا يۆتكىلىپ، تەيۋىزىم قەبرىستانلىقىدا ئابدۇلھەمىد يۈسۈپ داموللاھاجىم، شەمسىدىن قارىھاجىم ۋە قابىل قارىھاجىم قاتارلىق دوستلىرىنىڭ يېنىغا دەپنە قىلىندى.

ئاتاقلىق دىنىي ئالىم، جامائەت يېتەكچىسى مۇھەممەد قۇربان داموللاھاجىمنىڭ ۋاپات كۈنى پۈتۈن مۇسۇلمانلار ئۈچۈن ئىنتايىن قايغۇلۇق، مۇسىبەتلىك بىر كۈن بولدى. ھاياتىنى ئىلىم - مەرىپەتكە بېغىشلىغان، نۇرغۇنلىغان تالىپلارنىڭ ئېغىزىغا ئىلىم سالغان، مەشھۇر «خانلىق مەدرىسەسى»نىڭ تەۋەررۈكلىرىدىن بىرى بولغان بۇ ئالىمنىڭ ۋاپاتىغا چوڭ - كىچىك، ئەر - ئايال ھەممەيلەن قايغۇغا چۆمدى.

## مۇھەممەد قۇربان داموللاھاجىم ھەققىدىكى باھا ۋە مەدھىيەلەر

داڭلىق مۇدەررىس ئىمىن مەۋلىۋى داموللام مۇنداق دېگەن ئىكەن: خوتەندىن كەلگەن تالىپ كۆپ، ئەمما ئۇلاردىن ئەڭ ئىلغار ئوقۇپ، موللا بولغىنى ئۈچ. بىرىنچىسى، مۇھەممەد قۇربان داموللاھاجىم؛ ئىككىنچىسى، مۇھەممەد ئىمىن ئاخۇن خەلپىتىم (كېرىيە ناھىيەسىدىن)؛ ئۈچىنچىسى، ئابدۇللاھ روزى داموللاھاجىم.

ئىمىن مەۋلىۋى داموللام يەنە: «قەشقەردىكى ئىلىمنىڭ ھەممىنى مۇھەممەد قۇربان خوتەنگە ئېلىپ كەتتى، شۇنىڭدا ئوقۇڭلار» دېگەن ئىكەن.

داڭلىق ئىسلاھاتچى، ئوتيۈرەك ئالىم ئابدۇلئەھەدخان مەخسۇم ھاجىم ئۆز خاتىرىسىدە مۇھەممەد قۇربان داموللاھاجىمنى ئەسلەپ مۇنداق يازغان: مۇھەممەد قۇربان داموللاھاجىمنىڭ دەۋەتلىرى شەرقىي تۈركىستاندىكى، بولۇپمۇ خوتەندىكى ئويغىنىش ھەرىكىتىنىڭ باشلىنىشى بولۇپ، ئۇ كىشىلەرنى ساغلام تەۋھىدكە، قۇرئان ۋە ھەدىسنى چىڭ تۇتۇشقا، شېرىك، گۇناھ - مەئسىيەت ۋە بىدئەتلەرنى تاشلاشقا چاقىرىدۇ. نۇرلۇق مەسچىتىنى بۇ ئويغىنىش ھەرىكىتىنىڭ ئوچىقى دېيىشكە بولىدۇ.

مۇھەممەد قۇربان داموللاھاجىمنىڭ

چوڭ تالىپلىرىدىن ئەنەس ئالىم مۇنداق دەيدۇ: مەن ئۇستاز ئابدۇلئەھەدخان مەخسۇم ھاجىمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم: مېنىڭ يەنە ئۈچ يىل مۇنتىزىم ئىلىم تەھسىل قىلىش پۇرسىتىم بولسا، مۇھەممەد ئەلى خەلپىتىمنىڭ سەۋىيەسىگە يەتكەن بولاتتىم؛ ئەگەر مۇھەممەد ئەلى خەلپىتىمنىڭ ئۈچ يىل مۇنتىزىم ئىلىم تەھسىل قىلىش پۇرسىتى بولسا، مۇھەممەد قۇربان داموللاھاجىمنىڭ سەۋىيەسىگە يەتكەن بولاتتى.

ئابدۇلئەھەدخان مەخسۇم ھاجىم يەنە تالىپلارغا مۇنداق يوليورۇق بەرگەن: «تەپسىر ئىلمىنى مۇھەممەد قۇربان داموللاھاجىمدا ئوقۇڭلار، سۈنى بۇلىقىدىن ئىچكەندەك بولىسىلەر».

ئىشەنچلىك مەلۇماتلارغا قارىغاندا، ئۇستازلارنىڭ پېشۋاسى، ئەللامە ئابدۇلھەكىم مەخسۇم ھاجىم ھەر قېتىم خوتەنگە كەلسە، مۇھەممەد قۇربان داموللاھاجىمنىڭ ئۆيىگە چۈشۈپ، ئۇنىڭ بىلەن كېچە - كېچىلەپ مۇڭدىشىدىكەنتۇق، مۇھىم مەسىلىلەر ھەققىدە پاراڭلىشىدىكەنتۇق، ئاكتىپ خىزمەت قىلىۋاتقان باشقا ئۆلىمالارنىمۇ تەكلىپ قىلىپ، ئىلمىي سۆھبەتلەرنى ئۆتكۈزۈپ تۇرىدىكەنتۇق.

**مۇھەممەد قۇربان داموللاھاجىم ھەققىدە يېزىلغان مەرسىيەلەر**

ئېيتىشلارغا قارىغاندا، مۇھەممەد قۇربان داموللاھاجىمنىڭ تالىپلىرىدىن خوتەن ناھىيە خانئېرىق يېزىسىدىن قەمبەر داموللام مۇنۇ مەرسىيەنى يازغانىكەن:

**مەرھۇم ئۇستاز مۇھەممەد قۇربان داموللاھاجىم ۋاپاتىغا مەرسىيە**

مەڭگۈ ئۇنىڭدىن رازىمىز

تىترىدى سانسىز يۈرەك، قىلغاچ سەپەر ئۇستازىمىز،
ئاز كېلۇر ئۇستاز دېسەك، بەلكى ئادالەت قازىمىز.
تۆكتى ياش مىلىيونچە كۆز، پاتتى ئەل - يۇرت قايغۇغا،
ئىڭرىدى سەھرا - شەھەر، ھەر ئۆيدە ماتەم نالىمىز.
تەر تۆكۈپ ياققاچقا ئۇ دىللارغا تەۋھىد شامىنى،
بىر قەدەر يول تاپتى ئەل، ئۆستى يەنە ئوبرازىمىز.
مېھرىبان، كەمتەر ئىدى، شۇنچە پەزىلەت ئۈستىگە،
شۇ سەۋەبتىن بار ئىدى ھەردەم ئىشەنچ، نازىمىز.

قىلسا داۋام قېتىرقىنىپ ئۇ كىتابتىن مەۋئىزە،
بوپ قالاتتى سۆزلىرى ئىش ئۆلچىمى، ئەندازىمىز.
نەدە بولساق ئولتۇرار دىل، جانىمىزنىڭ تۆرىدە،
تونۇلۇپ كەتتى ئۆيى ھەقنى كېڭەيتىش بازىمىز.
ھەيۋەتى يۈكسەك ئىدى، چانمايتتى ھەركىم ئالدىدا،
بىلسەڭ ئەگەر بىزلەر ئۈچۈن بوپ كەلدى ئىلمى غازىمىز.
ياشىدى ھەق دىن ئۈچۈن، بولدى ھەقىقەت ئۈلگىسى،
ئەھلى تەۋھىد، چوڭ - كىچىك مەڭگۈ ئۇنىڭدىن رازىمىز.

## ئايرىلىپ قالدى

ئانا يۇرت ئايرىلىپ قالدى پىداكار ئوغلى «قۇربان»دىن،
دىيانەت ھەمدە ئەخلاقنىڭ ئۈلىنى پۇختا قۇرغاندىن.
ۋاپاتى ئەلگە ئىنتايىن ئېلىپ كەلدى پەرىشانلىق،
مۇسىبەت ھەسرىتى ياغراپ خوتەندىن، ئاقسۇ، تۇرپاندىن.
پۈتۈن ئەل قايغۇغا چۆمدۈق خۇسۇسەن ئەھلى تەۋھىدلەر،
تۈگۈقسىز ئايرىلىپ قالغاچ ئۇلۇغۋار تاجى ئۇنۋاندىن.
مۇسۇلمان ئەھلىگە قىزغىن بولاتتى كۆرسە ھەر يەردە،
توساتتى قايغۇرۇپ ئەلنى ھەمىشە كۈپرى - تۇغياندىن.
مۇھەببەت - نەپرىتى روشەن ئىدى ھەر ساھەدە، خىزمەتتە،
«كىسەل»گە چارە كۆرگەندە تۆۋەن تۇرمايتتى «لوقمان»دىن.
جاھالەت ئىلكىدە ئىڭراپ يېتىشقان خەلقى ئالەمگە،
ئورۇقنى قاندۇرۇپ بەردى ھەدىستىن، ھۆكمى قۇرئاندىن.

1995 - يىلى 12 - ئاينىڭ 25 - كۈنى

## تۆھپىكار ئالىم مۇھەممەد قۇربان داموللاھاجىمنى ئەسلەپ

مۇھەممەد ئەمىن بېشارەت

يىغلىدۇق بىز قېرىنداشلار بىر ئالىمنى ئېلىپ باشقا،
تولۇپ ھەسرەت يۈرەك زەرداپ، يېقىنلاپ قالدى كۆز ياشقا.
ئون توققۇز يۈزدە دەۋرانىڭ، ئوتتۇز ئىككى يىلىدا دەل،
تۇغۇلدى بىر بوۋاق يىغلاپ، خوتەندە قوشنا قارقاشقا.
كىرە - كىرمەي ئون - ئون بەشكە ئىلىمگە باغلىدى بەلنى،
خوتەن، قەشقەردە دەرس ئالدى كۆڭۈل بەرمەي قەلەم قاشقا.
ئەللىك سەككىزدە ئۇ قايتتى ئويغاتماقچۇن بۇ مىللەتنى،
كېلىپلا چۈشتى زىندانغا، قارا كۈن كەلدى ھەر باشقا.
كۆمۈر دىللىق ھەسەتخورلار، پارازىت قۇرت، زىيانداشلار،
ھۇجۇمنى باشلىدى ھەمدە قارا تۆھمەتنى چاپلاشقا.
جاھان زۇلمەتكە تولغان چاغ، زامان تەتۈر، نادان باتۇر،
نىچۈك يول تاپقۇسى كىملەر گۇناھسىز، پاكنى ئاقلاشقا؟
بولۇپ چىقتى ھۈنەر ئەھلى قېلىپ زىنداندا ساق بەش يىل،
بىناكارلىق، ئىمارەتنە، لايىق ئالقىشقا، ماختاشقا.
سەكسەندە يورىدى دۇنيا، تارالدى توز - تۇمان بىر ئاز،
لېكىن موھتاج ئىدى ئەل - يۇرت، چىراغ، مەشئەلگە، ئوتقاشقا.
تۇرۇپ يەڭنى خوتەندە ئۇ، سېلىپ «مەسجىدى نۇرلۇق»نى،
قەسەم ئىچتى بۇ ساپ دىننى ئەجەل كەلگۈچە ياقلاشقا.
ئىدى ئاللاھقا خالىس قۇل، زالىمغا بولمىغان يانداش،
زىبا چاچتى شۇ «نۇرلۇق»تا قارا زۇلمەتنى يالماشقا.
پەزىلەتلىك، ئۇلۇغ ئالىم، تەقۋا، زاھىد، ئىبادەتگۈي،
دىلى ئاق، پاك، ئېسىل، نۇرلۇق، ئوخشار گوياكى قاشتاشقا.

ياماننى - ياخشى، زىبا - زۇلمەت ئەزەلدىن جەڭلىشىپ كەلگەن،
لېكىن پالۋانمۇ موھتاجدۇر ۋاپادار، چىن سەپەرداشقا.
بىلىمنى باغلىدى مەھكەم يەتتە ئالىمۇ ئەللامە،
دەرس، تەلىم، دەۋەت بىلەن شەرىئەت، دىنىنى ساقلاشقا.
جاھالەت پىرلىرى قوپتى، ھەسەتخورلار زەھەر چاچتى،
نىيەتنى قىلدى شۇملارچە بىلىمنى يەتتە قاتلاشقا.
لېكىن يۇلتۇز، قۇياش، ئايلار يېپىلغايمۇ ئېتەك بىرلە؟
زامان ئۆتكەنسېرى ئۇلار يەنە باشلايدۇ چاقناشقا.
تۇرالماي قالدى دۈشمەنلەر، نادان، جاھىل، ھەسەتخورلار،
تېرىقتەك ئىلمى گەر بولسا ئۇرۇندى چىققىلى باشقا.
لېكىن يەتتىگە بولغاچ يار ئىخلاس ھەم چىن ۋاپادارلىق.
زەپەر قۇچتى، كۆڭۈل ئۇتتى، بىلىمنى چەگدى قايناشقا.
توقسان بەش كەلدى پايپاسلاپ، كەتتى ئۇ زات بۇ ئالەمدىن،
تالاي تالىپ، جامائەتنىڭ كۆزى ھەي تولدى لىق ياشقا.
بۈگۈن ھەسرەتتە ئالىملار، ۋەتەننىڭ يۇلتۇزى، ئايلار،
يىغىلدۇق بىز شۇ ئالىمنى تەقدىرلەش ھەم باھالاشقا.
قەدىرلەيلى ئۇلۇغلارنى تىرىك چاغدا، جىمى ئاندا،
كۆنۈپ كەتمەيلى ھەرگىزمۇ ئەجەل يەتكەندە داڭلاشقا.
ھايات چاغدا ئۇرۇپ - تىللاپ، ئۇيانماستىن ھاقارەت قىپ،
ئۆلۈپ كەتكەندە ھەسرەتتە، قۇرۇق تۇپراقنى ياشلاشقا.
ئىلىم ئەۋزەل، ئۇلۇغ ئالىم، نىچۈك بىلسۇن بۇنى جاھىل،
گۆھەرنى تاش كۆرۈپ ئاتقان نەزەر سالما قاپاقباشقا.
بۇ ئالەمدىن جاسارەت ئال، «بىشارەت» سەنمۇ چۈش جەڭگە،
جاھالەتنى يىقىت، هارما، ئىلىپ چىرماقىقا، يانپاشقا.



# ئاپتورلىرىمىز سەمىگە:

ئاللاھقا شۈكۈرلەر بولسۇنكى، ژۇرنال مەسئۇلى ۋە تەھرىر ھەيئىتىدىكى جاپاكەشلەرنىڭ ھىممىتى بىلەن ژۇرنىلىمىزنىڭ 10-سانى سىلەر بىلەن يۈز كۆرۈشتى. ژۇرنىلىمىز ھەر يىلدا ئىككى سان نەشر قىلىنىدىغان بولۇپ، ئەقىدە، ئىبادەت، ئەدەپ-ئەخلاق، كىشىلىك مۇناسىۋەت ۋە مۇئامىلە، ئېقىم مەسىلىلىرى، مەشھۇر ئۆلىمالارنىڭ تەرجىمىھاللىرى... قاتارلىق دىنىمىزغا ئالاقىدار ھەرقايسى تېمىلاردا ماقالە قوبۇل قىلىدۇ.

تۆۋەندە ژۇرنىلىمىزنىڭ ئەسەر قوبۇل قىلىش شەرتلىرىنى ئاپتورلىرىمىز سەمىگە سالماقچىمىز:

1. ماقالە مەزمۇنى ئەھلى سۈننەت ئەقىدىسىگە ئۇيغۇن بولۇشى كېرەك.

2. ئىلمانىي ئىدىيەلەر ياكى ئوتتۇرا يولدىن چەتنىگەن ئاشقۇن پىكىرلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالمىغان بولۇشى كېرەك.

3. ئۆچمەنلىك ۋە پىتنە تارقىتىش خاراكتېرىدىكى ماقالىلەر بولماسلىقى كېرەك.

4. شەخس ۋە كوللېكتىپلارغا قارىتا ھاقارەت تۈسىنى ئالمىغان بولۇشى كېرەك.

5. مىللىتىمىزنىڭ رېئال ئەھۋالى ۋە كەلگۈسىگە ئالاقىدار رىغبەت ۋە ئۈمىدۋارلىق نۇقتىسىدىن يېزىلغان مۇلاھىزە ماقالىلىرى، شۇنداقلا تارىخىمىزدا ئۆتكەن مەشھۇر شەخسلەرنىڭ ھاياتى يورۇتۇلغان، مۇھاجىرەتتىكى قېرىنداشلىرىمىزغا ئۈمىد، ئىلھام، ئىپتىخار بېغىشلايدىغان ماقالىلەر ئالدىن ئويلىنىشلىدۇ.

6. ماقالىلەر ئۆلچەملىك ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىدا يېزىلغان بولۇشى، گىراماتىكا ۋە ئىملا قائىدىسىگە ئۇيغۇن بولۇشى كېرەك.

7. ئايەت، ھەدىسلەر ۋە باشقا نەقىل مەنبەلىرى بەت ئاستىغا ئىزاھات شەكلىدە بېرىلىشى كېرەك.

8. ئايەتلەرنىڭ تېكستى گۈللۈك ﴿ ﴾ تىرناق ئىچىگە، تەرجىمىسى قوش « » تىرناق ئىچىگە، ھەدىسلەرنىڭ تېكستى چوڭ [ ] تىرناق ئىچىگە، تەرجىمىسى قوش « » تىرناق ئىچىگە، ئىزاھاتلار بەت ئاستىغا ئېلىنىشى كېرەك.

9. تەرجىمە قىلىنغان ئەسەرلەرنىڭ ئەسلى مەنبەسى قوشۇپ ئەۋەتىلىشى كېرەك.

10. ئۆزلەشتۈرۈلگەن ماقالىلەر چوقۇم ئەسكەرتىلىشى كېرەك.

11. مەيلى ئىجادىي بولسۇن، ياكى تەرجىمە بولسۇن، تېما تاللىغاندا مۇمكىنقەدەر ئۇيغۇرلارغا يېڭى ھېسابلىنىدىغان تېمىلارنى تاللاش تەۋسىيە قىلىنىدۇ.

مۇھەممەد يۇسۇپ

# ھاياتىڭىزنى قەدىرلەڭ



ئىسلامىي ئەسەرلەر نەشرىياتى

مۇھەممەد يۇسۇپ
ھاياتىڭىزنى قەدىرلەڭ
ئىسلامىي ئەسەرلەر نەشرىياتى

ISBN 978-625-925-040-3
9 786259 250403

ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەن! مول ھوسۇللۇق ئالىم ئۇستاز مۇھەممەد يۇسۇپنىڭ «ھاياتىڭىزنى قەدىرلەڭ» ناملىق ئەسىرى نەشىردىن چىقتى.

ئاپتور بەخت-سائادەتنىڭ سىرلىرى، خۇشاللىقنىڭ ئاچقۇچلىرى ھەققىدە ۋە قانداق قىلغاندا ھاياتىمىزنى مەنىلىك ۋە بەرىكەتلىك ئۆتكۈزگىلى بولىدىغانلىقى تېمىسىدا يىللارچە ئىزدىنىش ئارقىلىق، بۇ ئەسەرنى روياپقا چىقاردى.

بۇ ئەسەر بۇرۇن نەشر قىلىنغان «بەخت-سائادەتنىڭ 40 رېتسىپى»، «ھاياتنىڭ پەيزىنى سۈرۈڭ»، «ئەڭگۈشتەر» ناملىق ئەسەرلىرىنىڭ داۋامىدۇر.